ئومۇمىي 35-سان

2022 ئىيۇل

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*


ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قائىدىسىز ئۇرۇش

1



سەلبىي كەيپىيات ۋە ئۇنىڭ چارىسى

93



ئاتا ئانىلارنىڭ بالىلارغا تەسىرى

79

ئومۇمىي 35-سان

2022 ئىيۇل

# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

سەلبىي كەيپىياتقا ئەسىر بولماسلىقنىڭ ئۈچ چارىسى

ئۇكرائىنا قەھرىمانلىرى 30

## خىتاي تەتقىقاتى

قائىدىسىز ئۇرۇش

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ دېڭىز كېڭەيمىچىلىكى 36

رۇسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى تۈرك ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرى 87

## گۈلىستان

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرى بالىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

## تارىخ ۋە بىز

مەسئۇد ئەپەندى رومانى ھەققىدە 99

شەيخ ئىبراھىم تۈركىستانى 72

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە خىسلەتلىرى 52

## ساغلاملىق

ئاپتاپتىن ئەمەس، ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىدىن ساقلىنىڭ

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى 45

دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك 25













ختاي تەتقىقاتى

# WAR WITHOUT RULES



# قائىدىسىز ئۇرۇش

روبېرت سپالدىڭ



BRIGADIER GENERAL

ROBERT SPALDING

(US AIR FORCE, RETIRED)

## مۇقەددىمە

مەن 1999 ـ يىلى خىتاينىڭ ئۇرۇش قوللانمىسى بولمىش «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» (超限战) دېگەن كىتابنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان چېغىمدا، بۇ كىتاب ماڭا تولىمۇ بىمەنە تۇيۇلغانىدى. ئەينى چاغدا مەن مىسسۇرى شىتاتىنىڭ غەربىدىكى ۋايتمەن ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا 2 ـ B تىپلىق رادارغا چۈشمەس بومباردىمانچى ئايروپىلان ھەيدەيتتىم ۋە ئۇرۇشقا ئالاقىدار نۇرغۇن ماتېرىياللارنى ئوقۇغانىدىم. گەرچە ھەربىيلەر ئارىسىدا «(ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي) ئايروپىلانىڭنى ھەيدىسەڭلا بولىدى» دېگەن تۇتۇم ئومۇمىيۈزلۈك بولسىمۇ، مەن ھاۋا ئارمىيە ئوفىتسېرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى كۈندىلىك خىزمىتىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتىم. شۇ چاغدا ئەمدىلا ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» بىر قىسىم ھەربىيلەرنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىغان كىتابلاردىن بىرى ئىدى. بۇ كىتابتا سىرلىق ئىچكى خەۋەر پۇرىقى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەپكۇرىسىنى چۈشىنىشتىكى كۆزنەكلەردىن بىرى ئىدى.

لېكىن، بۇ خىل «سىرلىق»لىقىغا قارىماستىن، مەزكۇر كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەنلەر تولىمۇ ئاز بولدى. بىر تەرەپتىن، كىتابنىڭ ماۋزۇسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقايسىمىز خىتاي بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، دەپ ئويلىمايتتۇق. شۇ ۋەجىدىن، بۇ (يەنى ئۇرۇش قىلىشىمىز مۇمكىن بولمىغان بىر دۆلەتتىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇرۇشقا ئالاقىدار غەلىتە كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىش) «جاپاغا چۈشلۇق ھالاۋىتى يوق» ئىشتەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ كىتاب ئىستراتېگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە تېخنىكىغا ئالاقىدار تەسەۋۋۇرىي خىياللارنىڭ بىرىكمىسى بولغاچقا، ئوقۇشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ كىتابتا بىر قانچە ئەسىرلىك ـــ بولۇپمۇ ئامېرىكاغا ئالاقىدار ـــ ھەربىي تارىخ بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەن ئەسلىدىنلا بىلىدىغان ئۇچۇرلار ئىدى. گەرچە مەن ھەربىي تارىخقا شۇنچە قىزىقساممۇ، لېكىن مۇجمەل ھەم ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىلمىي فانتازىيەلىك پۇرىقى باردەك تۇيۇلىدىغان بۇ كىتابنىڭ مەندەك بومباردىمانچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى بىلەن ئالاقىسى يوقتەك قىلاتتى. لېكىن، مەن خاتالاشقانىكەنمەن.

ئەگەر سىز خىتاينىڭ 1999 ـ يىلىدىن بۇيانقى قىلمىشلىرىنى ـــ جۇملىدىن ئۇنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىك ۋە تېخنىكىۋى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ـــ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسىڭىز، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەندەكلا بولىسىز. گەرچە بىز خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ سىرلىق زېھنىيىتىنى باشقا جەھەتلەردىنمۇ كۆزىتەلىشىمىز مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتاب بۈگۈنكى خىتاينى چۈشىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەردۇر. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيەلىك رەھبىرىگە ئايلىنىش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئاساسىي پىلانىدۇر. ئۇ بىر ھاكىممۇتلەق دۆلەتنىڭ كارخانىلارنى ۋەيران قىلىشتىن، تور ئۇرۇشى ۋە سەممىيەتسىز دىپلوماتىيەگىچە؛ خەلقئارا سودا قانۇنى ۋە ئەقلىي مۈلۈك قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتىن، خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى قەستەن سۇيىئىستېمال قىلىشقىچە بولغان ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە ئارقىلىق غەربنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككى نەپەر ئاپتورىدىن بىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «چەكلىمىسىز ئۇرۇشتىكى بىردىنبىر قائىدە ئۇنىڭدا ھېچقانداق قائىدە يوقلۇقىدۇر.»

مەزكۇر كىتاب خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش جەھەتتىكى ئومۇمىي پىلانىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، مەزكۇر پىلان نۇرغۇن ئامېرىكالىقلارنىڭ تونۇپ يەتكىنىدىن بەكرەك مۇقىم ۋە ئۈتۈقلۇق رەۋىشتە ئىلگىرىلىدى، ھەتتا شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە تېزلىتىلدى. تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى توغرىسىدىكى نەيرەڭۋازلىق سىياسەتلىرى، دۇنيانىڭ مەزكۇر ۋابانىڭ مەنبەسىنى بىلىشكە توسقۇنلۇق قىلىش، شۇنداقلا كەڭ كۆلەملىك ساختا تەشۋىقات مۇجادىلىسى ئارقىلىق تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئامېرىكاغا دۆڭگەپ قويۇشقا ئۇرۇنۇش بۇنىڭ يېقىنقى مىساللىرىدۇر، خالاس.

ئۇنداقتا، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە، ئەڭ كۈچلۈك 500 كارخانىغا، مەبلەغ سالغۇچىلارغا، پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلاتلارغا، ئاكادېمىيەلەرگە ياكى ئارمىيەگە ۋاكالىتەن، خىتاينى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەرگىمۇ شۇنچە چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدۇ؟ بۇ كىتاب قانداقتۇر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەخپىي ئارخىپخانىسىدىن چىقىپ باقمىغان مەخپىي ھۆججەتكە ئوخشىمايدۇ. دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان دەسلەپكى ئېنگلىزچە نۇسخىسى ئاشكارا تارقىتىلغان بولۇپ، سىز گۇگېلدىن كىتاب ئىسمىنى كىرگۈزۈپ، ئاندىن «ئېنگلىزچە تەرجىمىسى» دېگەن كونۇپكىنى باسسىڭىز، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا ئىش پۈتىدۇ.

مەسىلە شۇكى، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن بۇ كىتابنى ئوقۇش ئىنتايىن قىيىن. گەرچە ھەرقانداق ئامېرىكالىق بۇ كىتابنى تېپىپ ئوقۇيالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى چۈشىنەلەيدىغانلار تولىمۇ ئاز. كىتابنىڭ خىتايچە ئەسلى نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ زىچ ۋە كىشىنى گاڭگىرىتىدۇ. سىز توردىن تاپالايدىغان ھەقسىز، ئەمما يېرىك تەرجىمە نۇسخىسى تېخىمۇ شۇنداق. مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلار ئايىغى چىقماس تەكرار مەزمۇنلارنىڭ، شۇنداقلا ھەربىي تارىخ ۋە كۈلتۈرەل نەزەرىيە توغرىسىدىكى تاغدىن ـ باغدىن قىلىنغان بايانلارنىڭ ۋە ئامېرىكاغا قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان. (بۇ

كىتابىنىڭ ئاپتورلىرى بولغان) چياۋ لياڭ (乔良) بىلەن ۋاڭ شياڭسۈيدىن (王湘穗) ئىبارەت ئىككى نەپەر پولكوۋنىك سۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرىگە كىرىشىپ قالغان، شۇنداقلا خاتا نەقىللەرنى ۋە مەنبەسىز پايدىلانمىلارنى قوللانغان. بۇ ئىككىيلەننىڭ 1990~1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا بولغان مەستانىلىقى بۇنى تارىخ بېتىدىكى كىچىككىنە قىستۇرما دەپ قارايدىغان ئامېرىكالىقلارنى گاڭگىرىتىپ قويغان. شۇنداقلا، ئاپتورلار ئىشلەتكەن يوشۇرۇن ئوخشىتىشلار بىز (ئامېرىكالىقلار)گە تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. «جەڭ ئىلاھىنىڭ چىرايى تۇتۇقلاشتى» (战神的面孔模糊了)، «ئامېرىكالىقلار پىلنىڭ ۋۇجۇدىنى سىلاپ، نېمىنى بايقىدى؟» (美国人在大象身上摸到了什么) دېگەن ئىككى بابنىڭ ماۋزۇسىنى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ؟

مەن «مەخپىي ئۇرۇش: ئامېرىكانىڭ سەرخىللىرى غەپلەتتە قالغاندا، ختاي قانداق باش كۆتۈردى؟» (Stealth War: How China Took Over While America's Elite Slept) ناملىق ئالدىنقى كىتابىمدىمۇ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتابنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدىم. مەن شۇنى بايقىدىمكى، مەزكۇر كىتاب دەۋرىمىزدىكى ختاي تەتقىقاتچىلىرىغا تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەلىتە مۇرەككەپلىكى سەۋەبلىكمۇ ئەيتاۋۇر، غەربتىكى تەھلىلچىلەر مەزكۇر كىتابتىكى ئىستراتېگىيەلىك نەزەرنى ختاينىڭ سىپايىگەرلىك ۋە تەبەسسۇم بىلەن پەردىلەنگەن، قارىماققا تاسادىپىيدەك كۆرۈنىدىغان، كىشىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىدىغان قىلمىشلىرىغا باغلاپ چۈشىنەلمىگەن. ھالبۇكى، بۇ كىتابتىكى: «ئۆزىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى دۈشمەنگە قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى، جۈملىدىن قورallıq كۈچ ۋە غەيرىي قورالliq كۈچنى؛ ھەربىي ۋە غەيرىي ھەربىي، ئەجەللىك ۋە غەيرىي ئەجەللىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش» دېگەنگە ئوخشاش بەزى مەزمۇنلار تولىمۇ يالىڭاچ ئىدى.

ئەينى چاغدا يازغىنىمدەك، مەزكۇر ئىستراتېگىيە مۇئەييەن پىكىرلەرنى باستۇرۇش، سىياسىي ئىختىلاپلارنى ئۆلغايتىش، تېخنىكا ئوغرىلاش، مەھسۇلاتلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قاتارلىق ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا مۇداخىلە قىلىشنى يوللۇقلاشتۇرالايدۇ. (بۇ كىتابتىكى) تىببىي، تېخنىكىۋى ۋە ئىنژېنېرلىق ئۈچۈرلىرىنى توپلاشتا كارغا كېلىدىغان «ئاكادېمىكلار قوشۇنى» قۇرۇش پىكرى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇرغانىدى. ھالبۇكى، ختاي «تاجاۋۇز» قىلىدىغان ساھەلەر شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل كۆپىيىپ كەلدى.

ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاز بىر قىسىم قىلمىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى:

* ئۇلار تاجىسمان ۋىرۇس ۋابasىنى ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىنسانىي كرىزىس دەپ قارىماستىن، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال قىلىۋالدى.

* كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىنى ئۆزلىرى ئەزەلدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى نىيەت قىلىپ باقمىغان ئىسلاھاتنىڭ بەدىلىگە خەلقئارالىق سەرخىللارنىڭ ئىقتىسادىي ماداراسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى كوزىر قىلىۋالدى.

* خىتاي مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن ئىقتىسادىي ئىشپىيونلۇق قىلمىشلىرىنىڭ كۆلىمى ئامېرىكا ئېتىراپ قىلغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتتى.

* غەربتىكى شىركەتلەرگە ۋە ھۆكۈمەتلەرگە تىنىمسىز ھالدا تور ھۇجۇمى قوزغىدى.

* چەكلەنگەن ماددىلارنىڭ قانۇنسىز رەۋىشتە ئەتكەس قىلىنىشىغا يول قويۇپ (ھەتتا كۆشكۆرتۈپ، ت)، ئامېرىكادىكى ئەجەللىك فېنتانىل زەھىرى كرىزىسىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋەتتى.

* غەربتىكى ئىستېمالچىلارغا سېتىلىدىغان كىيىم-كېچەك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا (شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، ت) كىشىلەرنى قۇل ئورنىدا ئىشلەتتى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلغانلىقىغا قارىماستىن، مەن «مەخپىي ئۇرۇش»نى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ، بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ گۇمانىغا ئۇچراپ كەلدىم. ئۇلار خىتاينىڭ ئىزچىل ھالدا سەۋرچان، ئۇزۇن مۇددەتلىك، ساھە ھالقىغان ئىستراتېگىيە ئارقىلىق تاشقى دۇنيانى سىستېمىلىق ھالدا ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەلمىگەنىدى. ھەتتا، بەزىلەر «مەخپىي ئۇرۇش»نى «ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئۇرۇنۇشى» دەپ ئۇلگۈرگەنىدى.

مەن بۇ خىل ئىنكاسلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئامېرىكالىق ئوقۇرمەنلەرنى خىتاينىڭ ئۇرۇش قوللانمىسى (يەنى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» دېگەن كىتاب)نى بىۋاستە ئوقۇش ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنىڭ نە قەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم-دە، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» بابمۇباب چۈشەندۈرۈلگەن قوللىنىشچان قوللانما تۈزۈپ چىقىشنى نىيەت قىلدىم ۋە بۇ جەرياندا مىساللارنى قوشۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلى كىتابتىكى مۇناسىۋەتسىز، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى چالغىتىدىغان مەزمۇنلارنى چىقىرىۋەتتىم. بۇ جەرياندا، مەن «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» يېزىلغان ۋە قوللىنىلغان ئارقا كۆرۈنۈشنى تارىخ، ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە خىتاي كۈلتۈرى ئارقىلىق ئىزاھلىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تا خىتاي رەھبەرلىرىگە بېرىلگەن تەكلىپ-پىكىرلەرنىڭ يېقىنقى يىگىرمە يىلدا يۈز بەرگەن ئىشلار بىلەن نە قەدەر يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتۇر.

بۇ كىتاب ماڭا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قانداق قىلىپ، تولىمۇ ئاستا سۈرئەتتە بىزگە ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىشىمغا تۈرتكە بولدى. مەن ئۇنىڭ باشقىلارغىمۇ ئاشۇنداق تەسىر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئۇنى يېقىن كەلگۈسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مۇھىم — ھەتتا ھايات-ماماتلىق — قارار چىقارمىسا بولمايدىغان، ھۆكۈمەتىمىزدىكى ئەر-ئاياللار بىلەن، مۆھتەرەم سابىق خىزمەتداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

مەن ھەرقانداق بىر دۆلەتنى ناتسىست گېرمانىيەسى بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ چەكتىن ئاشقانلىقتەك تۇيۇلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، بىز خىتايغا بولغان كۆز قارىشىمىزغا قايتىدىن قاراپ چىقساق، تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىشىغا بىپەرۋالارچە ۋە رەھىمسىزلەرچە يول

قويغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمان پۇقرالىرىنى جازا لاگېرلىرىغا سولىۋالغان ھاكىمىيەت ئۈچۈن («ناتسىست» دېيىشتىن باشقا) يەنە قانداق ئىبارە قوللىنىش مۇمكىن؟ خوڭكوڭ (نىڭ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى)نى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ 1938-يىلى ئاۋىستىرىيەنى بېسىۋالغىنىغا تەققاسلاش مۇمكىن. ئۇنداقتا، خىتاينىڭ تەيۋەنگە قارشى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۇرۇشخۇمار سۆزلىرىنى ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئەگەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بىر ئامېرىكا شىركىتى ماللىرىنى ياپونىيە جاھانگىرلىكىگە ئېكسپورت قىلماقچى بولسا ياكى ۋال كوچىسىدىكى بىر شىركەت ناتسىستلار ئۈچۈن قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتنىڭ زايومىلىرىغا كېپىل بولماقچى بولسا، جاھان ئەھلىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇنداق بىر ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ، شۇنداققۇ؟ لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە سانىسىزلىغان ئامېرىكالىقلار يەنىلا خىتاي بىلەن سودا قىلىشقا، خىتايدا سودا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قائىدىسىز ئۇرۇشىنى خاتا چۈشىنىۋېلىۋاتىدۇ ياكى كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ.

مەن بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ (خىتايغا قارشى) بەزى ئىجابىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي تەھدىتىنىڭ زەھەرخەندىلىكىنى ۋە ۋەزنىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىمەن. رەقىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى 1999-يىلىلا تۈزۈپ بولغان بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ مەزكۇر پىلاننى تىنىمسىز رەۋىشتە ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. رەھبەرلىرىمىزنىڭ نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىش، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىش، خەلقنى ئويغىتىش ۋە بارلىق سىياسىي تائىپىلەرگە تەۋە ئامېرىكالىقلارنى بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى توسۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە كۈچ چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بار.

مەن يەنە ئادەتتىكى ئامېرىكالىقلارنىڭمۇ بۇ كىتابنى ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر ئامېرىكادىكى ھۆكۈمدارلار، دېپلوماتلار، شىركەت خوجايىنلىرى، مەبلەغ سالغۇچىلار، ئاخباراتچىلار، تەتقىقاتچىلار ۋە ئاكادېمىكلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر تەسىردار شەخس خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى كۈرەشكە ئىشتىراك قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

مەن بۇ كىتابنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئامېرىكالىق ۋەتەنداشلىرىمنىڭ خىتاي بىلەن بولغان توقۇنۇشمىزنىڭ رېئاللىقىنى داۋاملىق ئىنكار قىلىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاددىي ۋە تەننى شۈركەندۈرىدىغان ھەقىقەت شۇكى، خىتاي كومپارتىيەسى بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن، ئاساسلىقى ئىقتىساد، تېخنىكا، دېپلوماتىيە ۋە تاراتقۇ ئارقىلىق (ھازىرچە تېخى ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سالغىنى يوق) بار كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. بۇ پىلاننى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بىز خەۋپنىڭ تېخىمۇ زورىيىشىغا يول قويساق بولمايدۇ.

روبېرت سپالدىڭ

ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ برىگادا گېنېرالى

2021 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر.

## بىرىنچى باب: دۈشمىنىڭنى تونۇ!

«دۈشمىنىڭنى تونۇش ئۈچۈن، دۈشمىنىڭدەك بول!» بۇ خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان ئىستراتېگىيەلىك پاراسەتلىرىنىڭ ئىجادچىسى بولمىش سۇنزىنىڭ سۆزىدۇر. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى «مەسىلىگە دۈشمىنىڭنىڭ نەزىرىدە قارا! ئەگەر ۋەزىيەت ئۆزگەرسە، ئۇ قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن؟ ئۇ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ قانداق ئاجىزلىقلىرى بار؟» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. (2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پەيدا بولغان) تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاباسى مەسىلىسىدە، بىز مەسىلىگە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ نەزىرى بىلەن قارىمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يەتمىگەندۇق.

2020 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئامېرىكالىقلار خىتاينىڭ ئېيتقانلىرىغا، يەنى ئۇلارنىڭ «ۋىرۇس تىزگىنلەندى» دېگەن سۆزىگە ئىشەندى. دېمىسىمۇ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئەجەللىك كېسەللىكتىن ئىبارەت بۇنچە ئېغىر مەسىلە توغرىسىدا يالغان سۆزلىسۇن؟ ئەمما، بىز ئۇلارغا ئىشەنگەن بولساقمۇ، خىتاي كومپارتىيەسى ۋۇخەن ئاھالىلىرىنىڭ تاجىسىمان ۋىرۇسنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ھەتتا مەزكۇر كېسەلنى يەرشارىۋى ۋاباغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ خىتايغا كىرىشىنى چەكلىدى ـ يۇ، ئەمما ۋۇخەندىن قوزغىلىدىغان خەلقئارالىق ئۇچۇشلارغا رۇخسەت قىلىۋەردى. چۈنكى، خىتاي تولىمۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن «COVID ـ 19 ۋاباسى ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانى ئاجىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق خىتايغا ياردەم بېرەلەيدۇ» دەپ چوت سوققانىدى.

خىتاي كومپارتىيەسى يەنە «ئەللىك تىيىن ئارمىيەسى» (五毛党) ئەزالىرىنىڭ باشچىلىقىدا دۇنيا مىقياسىدا خاتا ئۇچۇر تارقىتىش مۇجادىلىسىنى باشلىۋەتتى. «ئەللىك تىيىن ئارمىيەسى» ئەنئەنىۋى قوشۇن بولماستىن، غەربنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا يازغان ھەر بىر يازمىسى ئۈچۈن (خىتاي پۇلىدا) ئەللىك تىيىن ھەق ئالىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە كۇپپاڭچىلىرىدۇر. مەزكۇر خاتا ئۇچۇر تارقىتىش مۇجادىلىسىدە خىتاينىڭ COVID ـ 19 غا جىددىي ئىنكاس قايتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ئەجايىپ ھېكايىلەر بەس ـ بەستە

ھەمبەھىرلەندى ۋە بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمى ئەمەلىيەتتىكىدىن كۆپتۈرۈپ داۋراڭ قىلىندى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ۋىرۇسنىڭ ئېغىرلىقى ۋە يۇقۇمچانلىق دەرىجىسى پەسەيتىپ تەشۋىق قىلىندى. شۇنداقلا، خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرى ئىمزالاشقان كېلىشىمگە خىلاپ ھالدا، ئۇدا بىر نەچچە ھەپتە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا يۇقۇم ئەھۋالىنى دوكلات قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋۇخەن ۋە خىتاينىڭ باشقا شەھەرلىرىدىن ئۇچۇۋاتقان خەلقئارالىق ساياھەتچىلەر ۋىرۇسنى ئاسىيادىن ياۋروپاغا ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكاغا ئېلىپ باردى. خىتاينىڭ تا بۈگۈنگىچە ئۆز دوختۇرلىرىنى (تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى توغرىسىدا) ئېغىز ئاچقىلى قويماسلىقىنى، گېن تەرتىپلىرى ۋە ۋىرۇس ئەۋرىشكىسىنى ئورتاقلاشقىلى ئۇنىماسلىقىنى، چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ خىتايغا كىرىپ ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈشىگە ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا داۋالاش لايىھەسى تۈزۈشىگە يول قويماسلىقىنى كىممۇ خىيال قىلغان دەيسىز؟

COVID ـ 19 نىڭ «شاراپىتى»دە، دۇنيادىكى غوللۇق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەخمىنەن تۆت تىرىليون دوللارلىق ئىقتىسادىي ھاسىلاتىنى يوقاتتى ۋە بەش مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ئۆلدى. خىتاي ئۆز ئىقتىسادىنى غەربكە قارىغاندا تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن سىرت، نەپەسلەندۈرگۈچ ۋە شەخسىي قوغداش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق غەرب ئەللىرى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان نۇرغۇن تاۋارلارنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. خىتاي يەنە تەشۋىقاتتىمۇ غەلىبىگە ئېرىشتى، چۈنكى ئۇلار ئامېرىكانىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر سەۋەبنى تاپتى ۋە تارىخنى ئۆزگەرتىپ يېزىش ۋە يوقىتىش ئارقىلىق ئۆز قىلمىشىنى ماختاپ ئۇچۇردى.

خىتاي رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن، تاجسىمان ۋىرۇس مەسىلە ئەمەس، بەلكى بىر پۇرسەت ۋە خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى زورايتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال ئىدى. مەزكۇر ۋىرۇس ۋۇخەن تەجرىبىخانىسىدىن مەيلى قەستەن، ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن قويۇپ بېرىلگەن بولسۇن ـــ بىز بۇنى مەڭگۈل بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن ـــ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىللىق بىلەن پىلانلانغان بولۇپ، مەزكۇر پىلانلىق تاكتىكىلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى.

ئەگەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ مەزكۇر ئاقىۋەتلىرى (تاجسىمان ۋىرۇستىن ئارقىلىق ئۆلۈم ـ يېتىمغا سەۋەب بولۇشتىن غەيرىي تاكتىكىنىڭ ئەمەس، بەلكى) ئەنئەنىۋى ھەربىي ھۇجۇملارنىڭ نەتىجىسى بولغان بولسا، ئامېرىكا چوقۇم ئۆچ ئالغان بولاتتى. ئەمما، رەھىمسىز ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ، جامائەت مەنپەئەتىگە بولغان سەل قاراشنىڭ ۋە ئىنتېرنېتنى قورالغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىرىكمىسى بولمىش بۇ خىل مەخپىي ئۇرۇش ئاساسەن كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى. گەرچە سۈيىقەست نەزەرىيەچىلىرى «خىتاي COVID ـ 19 نى بىئولوگىيىلىك قورال سۈپىتىدە تەجرىبىخانىدا  ياساپ چىققان» دېيىشكەن بولسىمۇ، نىسبەتەن ئەقىلگە ئۇيغۇن ۋە ئىسپاتلانغان مۇمكىنچىلىك توغرىسىدا توختالغان ئامېرىكالىقلار تولىمۇ ئاز بولدى. بۇ خىل مۇمكىنچىلىك «خىتاينىڭ تۈيۈقسىز كۆرۈلگەن كىرىزىستىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى زورايتىپ، رەقىبىگە زىيان يەتكۈزگەن»لىكىدۇر. ئۇلار ۋۇخەنلىك دوكتور لى ۋېنلياڭ (李文亮)

(يېڭى ۋىرۇسنىڭ خەتىرى توغرىسىدا) ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن باشلاپلا، ئامىمغا يالغان سۆزلەشكە باشلىغانىدى. ھالبۇكى، مەن 2021-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر كىتابنى يېزىۋاتقان ئۇشبۇ پەيتلەردىمۇ، خىتاي يەنىلا ئۆزىدىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى ستاتىستىكىسى ھەققىدە يالغان سۆزلەۋاتىدۇ.

ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ئامېرىكانىڭ «دۈشمەننىڭنى تونۇ» دېگەن كونا ھەربىي ھېكمەتكە سەل قارىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر بىز خىتاي كومپارتىيەسىگە تېخىمۇ قاتتىق نەزەردە قارىغان بولساق ھەمدە «خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەنقىدلەش ئىرقچىلىق ھېسابلىنىدۇ» دەيدىغان خاتا ۋە ئەخمىقانە قاراش سەۋەبلىك دىققىتىمىز چېچىلىپ كەتمىگەن بولسا، تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ھازىرقىدىن قانچىلىك پەرقلىق بولغان بولار ئىدى؟ لېكىن، بىز دۈشمىنىمىزنىڭ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھېيلىسىنى چۈشىنەلمىدۇق.

## خىتاي نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ نىشانى ۋە مۇددىئاسىنى چۈشىنىش دىپلوماتىيەنىڭ ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ئاساسىدۇر. زور كۆلەملىك قوشۇنغا ۋە يادرو قوراللىرىغا ئىگە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، بۇ نۇقتا تېخىمۇ مۇھىم. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، سىز رەقىبىڭىزنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن تەھدىت ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشنى ئويلايسىز. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ زادى قانداق تەھدىت؟ ئۇلار قوشنىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلامدۇ ۋە بۇنداق قىلىشقا قۇربى يېتەمدۇ؟ ئۇلار زېمىنغا ئېرىشمەكچىمۇ ياكى بايلىققىمۇ؟ ياكى دۇنيا سودىسىنى كونترول قىلماقچىمۇ؟ ئۇلار ئامېرىكاغا تاجاۋۇز قىلامدۇ؟ دۆلەت بىخەتەرلىك تەھلىلچىلىرى ـــ مەن بىر مەھەل شۇلاردىن بىرى ئىدىم ـــ پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ نۇتۇقلىرىدىن، ئىلمىي ماقالىلەردىن، ھەربىي تەلىماتلاردىكى ئىبارىلەردىن يىپ ئۇچى ئىزدەيدۇ. بىز ھەمىشە مەينەت كۆزنەكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالىمىز ياكى پاكىز كۆزنەكتىن بىرەرنى تېپىشنى ئويلايمىز. مەنچە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» بىز ئۈچۈن دەل ئاشۇ كۆزنەك بولالايدۇ. بىز خىتاينىڭ زادى نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالساقلا، «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئۇنىڭ «قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن؟» ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ۋىنستون چېرچىل سوۋېت ئىتتىپاقى رۇسىيەسى ھەققىدە «ئۇ سىرنىڭ ئىچىدىكى سىرغا ئورالغان بىر تېپىشماقتۇر» دېگەن. ئۇ جوسېف ستالىن ۋە ئۇنىڭ كرېمىل سارىيىدىكى كوممۇنىست قولچوماقچىلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنغانىدى. ئامېرىكا رەھبەرلىرى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا مىڭ قېتىملاپ: «رۇسىيە زادى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ئۇلار قانچىلىك خەتەرلىك؟» دەپ سوئال قويدى ۋە ئاخىرى ئۇلارغا جاۋاب تاپتى. پرېزىدېنت رونالد رېگاننىڭ ئاقىلانە تەھلىلى ۋە جاسارىتىنىڭ سايىسىدە، بىز رۇسىيەنى ئىقتىسادى ئاجىز، ئارمىيەسى بىھۇدە زورىيىپ كەتكەن، تۈگمەس

ئىقتىسادىي ئاپەتنىڭ دەردىدە تولغىنىۋاتقان، ئاخىرىدا كوممۇنىزم ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىچكى كاۋاك دۆلەت دەپ مۆلچەرلىدۇق. نەتىجىدە، رېگاننىڭ ھەربىي ھازىرلىق رىقابىتى ئۇلارنى ھاڭدىن غۇلىتىۋەتتى. (يەنى ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەننەرخى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى، ئالەم بوشلۇقى رىقابىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي ھازىرلىق رىقابىتىگە سۆرەپ كىردى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بۇنىڭغا يار بەرمىگەچكە، ھەربىي چىقىمنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشى سەۋەبلىك، باشقا ساھەلەردە ئېغىر ئىقتىسادىي بوھران كۆرۈلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخىرىدا يىمىرىلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، بۇ ھەقتە ژۇرنىلىمىز تەھرىراتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «يۈز يىللىق مارافون» دېگەن كىتابتىن تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشەلەيسىز.)

لېكىن، خىتايغا قارىتا ئوخشاش تەدبىر قوللىنىش خاتالىقتۇر. خىتاينىڭ مۇددىئاسى رۇسىيەنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تۇتۇق. رەھبەرلىرىمىز بۇگۈن سادىر قىلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ خاتالىق ـــ ئۇلارنىڭ «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز» دەپ ئويلىشىشىدۇر.

رەقىبلىرىمىز ھەققىدە بىر نەرسە بىلىمىز دەپ ئويلاش ئاسان. نېملا دېگەن بىلەن، بىز شىمالىي كورېيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى قانلىق جەڭلەرنى قىلدۇق. خىتاي ھىندىستان ۋە ۋېيتنام بىلەن تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان زېمىندا ئۇرۇش قىلدى. يېقىندىن بۇيان، بىزنىڭ دىپلوماتىك ۋە ھەربىي ساھەيىمىزدىكىلەرنىڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش مۇمكىنچىلىكىگە بولغان ئەندىشىسىنىڭ تۆۋەنلىشى سەۋەبلىك، ئۇلاردا «خىتاي ئامېرىكاغا بىۋاستە تەھدىت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇلار (بىز ئۈچۈن) بىۋاستە تەھدىت بولغان تەقدىردىمۇ، بىز بارلىق نورمال ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۇلارنى تىزگىنلىيەلەيمىز» دەيدىغان ئورتاق تونۇش شەكىللەندى.

ئەمما بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوللانغان تاكتىكىنى قايتا ئىشلىتەلمەيمىز ھەمدە ئوخشاش نەتىجىنىمۇ كۈتەلمەيمىز. خىتاي تېخىمۇ چوڭ مەسىلىدۇر. شۇنداق، ئۇلار ماۋ زېدوڭ دەۋرىدە (سوۋېت ئىتتىپاقىغا) ئوخشاشلا غايەت زور ئىقتىسادىي خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، مىليونلىغان كىشىنىڭ ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي تازىلىشى سەۋەبلىك، 1980 ـ يىللاردىن ئىلگىرى خىتاي جەمئىيىتىدىكى ئىختىساسلىقلار خوراپ تۈگىدى. لېكىن، خىتاي يەنىلا ئامان قالدى، ھەتتا گۈللەندى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئاساسەن خاتالىق سادىر قىلمىدى. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى رۇسىيەنىڭكىنى بەكلا چاندۇرۇپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ (ئاتالمىش «خىتايچە») كوممۇنىزم نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، خىتاي قىسمەن چەكلىمە قويغان ئاساستا كارخانىلارنىڭ ئەركىن تىجارەت قىلىشىغا يول قويغان. شۇنداقلا، خىتاي كۇلتۇرى ئۇلارنىڭ كارخانىچىلىق روھىغا سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، رۇسىيەدە بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھازىر خىتاي ئارمىيەسى ناھايىتى قۇدرەتلىك. خىتاي مەيلى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ياكى ئوغرىلاشتا بولسۇن، تېخنىكا جەھەتتە ئىلغار دۆلەتتۇر. خىتاينىڭ مەبلىغى ئۇنى يەرشارى مىقياسىدا سوۋېت

ئىتتىپاقى مۇۋەپپەق بولۇپ باقمىغان ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلدى. ئەلۋەتتە، خىتايىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق مەسىلىلىرى بار، مەن بۇ ھەقتە كېيىن ئايرىم توختىلىمەن. لېكىن، ئەڭ چوڭ ساۋاق شۇكى: خىتاي ئىككىنچى ئەۋلاد رۇسىيە ئەمەس.

ئۇنداقتا، خىتاي زادى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ شۇنداقلا، ئۇلار ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىۋاتىدۇ؟

ئامېرىكادىكى نۇرغۇن سىياسىيونلار ۋە شىركەت خوجايىنلىرىغا كۆرە، خىتاي ئانچە كۆپ نەرسىگە ئىنتىلمەيدۇ ۋە زىنھار بىزگە قارشى ئىش قىلغىنى يوق. بەشبۇرجەكلىك بىنا (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باش شتابى)دىكى بۇ تېمىدىكى سۆھبەتلەر يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى تەرىپىدىن يېتەكلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پىرېزىدېنتنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي مەسلىھەتچىلىرى ۋە كابىنېت ئەزالىرىنىڭ كۆز قارىشى يىغىنىنىڭ ئاتموسفېراسىنى بەلگىلەيدۇ. مەن ئاقسارايدا دۆلەت بىخەتەرلىك خادىمى بولغان ۋە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمدا، بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى «ئەگەر سىز خىتاينى دۈشمەن دېسىڭىز، خىزمىتىڭىزدىن ئايرىلىشىڭىز مۇمكىن» دېگەن نۇقتىئىينەزەر ئىدى. ھالبۇكى، خىزمەتتىكى رەسمىيەتچىلىكتىن خالىي بولغان چاغلاردا، مەن خىزمەتداشلىرىم بىلەن بۇ تېمىدا قىزغىن مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتۇق.

مەن 2014 ـ يىلى «شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە مەجلىسى»نىڭ خىتاي ئىشلىرى مەسلىھەتچىسىلىك سۈپىتىم بىلەن بەشبۇرجەكلىك بىناغا كەلگىنىمدە، ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقى تولىمۇ ئوچۇق ئىدى: خىتاي بىلەن ئارىمىزدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغاچقا، بىز ئاشكارا ھالدا خىتاي بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلمايمىز. ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ تۈتۈمى «دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلەت (ئامېرىكا بىلەن خىتاينى دېمەكچى)، يادرو قوراللىرىغا ئىگە شىمالىي كورېيە ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق تېخىمۇ چوڭ خىرىسلارنى بىرلىكتە ھەل قىلىشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى ۋە بۇ تۈتۈم «خىتاي بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئويلايدۇ» دېگەن بىمەنە چۈشەنچىنى ئاساس قىلغانىدى (لېكىن، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس).

ئۇ يىللاردا مەندە مۇنداق ئىككى مۇھىم تونۇش يېتىلدى. بىرىنچىسى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش نىشانى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش. ئىككىنچىسى، بۇ نىشانغا يېتىشتىكى ئەڭ چوڭ تەھدىت ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيەسى. بىز ئۇلارنى دۈشمىنىمىز دەپ قارىماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا ئالاقىدار دۈشمىنى دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىرلىككە كېلىنگەن يەر شارىلىشىشنىڭ ئاساسى «ئاتلانتىك نىزامنامىسى»نىڭ (Atlantic Charter) پرىنسىپلىرى بولۇپ، ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە باشقا تەشكىلاتلارغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. مەزكۇر نىزامنامىدە «ئەركىن بازار، دېموكراتىك پرىنسىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»تىن ئىبارەت تۆت

ئاچقۇچلۇق پرىنسىپ بار بولۇپ، داۋۇسقا ئوخشاش جايلارغا توپلانغان خەلقئارالىق سەرخىللار خىتاينىڭ مۇشۇ پرىنسىپلارغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەت دەل شۇنىڭ ئەكسىچە. كېيىن چۈشىنىپ يەتكىنىمىزدەك، خىتاي كومپارتىيەسى مەزكۇر پرىنسىپلارنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن تۆپكى تەھدىت دەپ قارايدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى بار، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىنى «خىتاي كومپارتىيەسى نىزامنامىسى» ئىگىلىۋالغان ۋە مەزكۇر نىزامنامىدە خىتايدىكى ئىگىلىك ھوقۇق ساھىبى — يەنى ھۆكۈمدار — نىڭ پارتىيە ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا، پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانى — نەزەرىيە جەھەتتە مەركىزىي كومىتېت، ئەمەلىيەتتە بولسا شى جىنپىڭ — دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر. توقسان مىليون پارتىيە ئەزاسى شى جىنپىڭنىڭ خاس كادىرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا 1 مىليارد 350 مىليون خىتاي پۇقراسى ئارىسىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق تەبىقىدۇر. خىتاينىڭ ھاكىمىيەتنىڭ پارتىيەگە تەۋە بولۇشىنى ۋە غەربنىڭ ئىدىيەسىنى باستۇرۇشنى يوللۇقلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن باھانىلىرى بار.

مەن ئاز ئۇچرايدىغان، خىتاينىڭ ئىچكى ئىدىيەسى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدە ئەڭ بەك روشەن بولغىنى مۇشۇ نۇقتا ئىدى. 2013 ـ يىلى ئاشكارىلانغان 9 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئەمەلدارلارغا تارقىتىلغان پارتىيە يوليورۇقى ئىدى. ئەينى چاغدا، شى جىنپىڭ تەختكە يېڭى چىققان، شۇنداقلا ئامېرىكا رەتلىك ۋە پۈزۈر كىينگەن ئەپەندى سىياق بۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىسلاھاتنى باشلىشىدىن زور ئۈمىد كۈتكەندى. 9 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت، ئۇنى قانداق ئوقۇشنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن، بۇ ئۈمىدنى سۇغا چىلاشتۇرغانىدى. مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن تارقىتىلغان مەزكۇر ھۆججەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا خىتاينىڭ تەۋرەنمەس كوممۇنىزم دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، غەربنىڭ غايىسىنىڭ بەربات بولىدىغانلىقىنى ئوپئوچۇق ئىبارىلەر بىلەن بىلدۈرگەنىدى. (مەزكۇر ھۆججەتتە) ئاساسىي قانۇنلۇق دېموكراتىيە، ئاخبارات ئەركىنلىكى، قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدىكى خىتاي تارىخىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىقتىسادنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قاتارلىقلار چەكلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئاغدۇرمىچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى «غەربنىڭ قىممەت سىستېمىسى بىلەن بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان قىممەت سىستېمىسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى خىرەلەشتۈرۈش ۋە ئاخىرىدا غەربنىڭ قىممەت سىستېمىسىنى سوتسىيالىزمنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» ئىدى.

بۇ پىكىرلەر (خىتاينىڭ نەزىرىدە) ھەزەر قىلىشقا تېگىشلىك تەھدىتلەر ئىدى. دەرۋەقە، (مەزكۇر ھۆججەت تارقىتىلىپ) ئۇزۇن ئۆتمەي، كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتلىرى، ئاكادېمىكلار ۋە ئاخباراتچىلار تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنىشقا ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ۋاشىڭتوندا بولسا، بۇ ھەقتە ئانچە كۆپ تەشۋىش يوق ئىدى. خىتاينىڭ بۇنچە كۆپ ساھەگە چېتىلىدىغان قىلمىشلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ نۇرغۇن ئورگانلىرى بۇ مەسىلىگە

«مېنىڭ ئىشىم ئەمەس» دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى شىنجېڭدا مۇخبىرلارنىڭ قولىغا ئېلىنىشىدىن ياكى كىرمىنى جىلغىسىدىكى بەزى شىركەتلەرنىڭ پاتېنتىنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغانلىقىدىن قانداقمۇ ئەندىشىلەنسۇن؟ ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى سۈنئىي ئارال ۋە خادا تاشلاردىن قانداقمۇ تەشۋىشلەنسۇن؟ ھېچكىم خىتاينىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى.

ئامېرىكا رەھبەرلىرى (سوۋېت ئىتتىپاقىنى غۇلاتقانلىقى سەۋەبلىك) «كوممۇنىزم ئۆلدى، ئامېرىكا قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ خۇدىنى يوقاتقاندا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى 2049 ـ يىلى، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتايدا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغىنىغا يۈز يىل بولغاندا، قانداق قىلىپ يېڭى يەرشارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىش ھەققىدە پىلان تۈزۈۋاتاتتى. 1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا نامايىش قىلىنغاندىلا، خىتاي كومپارتىيەسى غەربنىڭ كاپىتالى ۋە تېخنىكىسىنى ئىمپورت قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، غەربنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيە ئۇقۇملىرىنى چەكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. مېڭە يۇيۇش ۋە ئىدىيەنى تىزگىنلەش (ئۇلارغا نىسبەتەن) ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. خىتاينىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ماۋ زېدوڭنى پەخىرلەندۈرىدىغان رەۋىشتە بىر پۈتۈنلەشتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇدۇر.

## خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسى

دۈشمىنىڭىزنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەسىنىمۇ چۈشىنىشىڭىز زۆرۈر. ئامېرىكالىقلارنى گاڭگىراتقىنى دەل مۇشۇ نۇقتا. بىز «ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش»تىن ئىبارەت بىرلا خىل ئۇسۇلدا كۆرەش قىلىشقا ۋە تاجاۋۇزچىلىقىمۇ ئوخشاش نەزەردە قاراشقا (يەنى دۈشمىنىمىز رەسمىي قوشۇن تارتىپ، قوراللىق ئۇرۇش قوزغىمىغۇچە، ئۇنىڭ قىلمىشىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ قارىماسلىققا) كۆنۈكتۇق. ھالبۇكى، خىتايلار باشقا ئۇسۇللارنى قىلىۋاتىدۇ.

ئامېرىكا كارخانا ساھەسىدىكى دوستلىرىمىدىن ئېرىشكەن بىر قىسىم مەلۇماتلار مېنى خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىق دەرىجىسىنى ئوچۇق كۆرۈپ يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەبلىغى خەتەر ئىچىدە قالغان بەزى ئەقىللىق كىشىلەر ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. خىتايلار ئاللىبۇرۇن «ھەممە جايىنى قاپلىغان ئۇرۇش» قىلىۋاتقان بولۇپ، سوراشقا تېگىشلىك سوئال «ئۇنىڭ كېيىنكى نىشانى قەيەر؟»دۇر.

ئۇلار خىتاينىڭ قانداقسىغا تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىر تىيىنمۇ خەجلىمەيلا تۈرلۈك تېخنىكىلارغا ئېرىشكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ سۇ ترانسپورت ساھەسىنى قانداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن كونترول قىلغانلىقىنى، بىزنىڭ شىركەتلىرىمىزگە ۋە پەن ـ تېخنىكا تەجرىبىخانىلىرىمىزغا قانداق سىڭىپ كىرگەنلىكىنى، ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ زاۋۇتلىرى ۋە شىركەتلىرىنى

مەبلەغ بىلەن قانداق تەمىنلىگەنلىكىنى، ئاندىن ھەرقانداق پايدىنىڭ خىتايدا قېلىشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەندى. بۇ پەقەت خىتاينىڭ دۇنيانىڭ خوجىلىقى ــــ ئاكادېمىكلارنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، رايون ۋە يەرشارى ئاتامانلىقى ــــ ئۈچۈن قىلغان يوشۇرۇن كۈرىشىنىڭ مىسالىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇلارنىڭ باشقا مېتودلىرىدىن بەزىلىرىگىمۇ نەزەر سېلىپ باقايلى:

خىتاي ئىزچىل ھالدا «ئەركىن بازار»دا بىز بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. بىزنىڭ سىياسىي ۋە سودا ساھەسىدىكى سەرخىللىرىمىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلقئارا قانۇننىڭ بەلگىمىلىرى ۋە ئۆزى تېخى يېقىنقى دەۋردە قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ مۆلچەرلىرى بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى. ئۇلار يەنە خىتاينىڭ دۆلەتلىك ۋە خۇسۇسىي تارماقلىرىنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلاش ئۈچۈن ئورتاق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ئوغرىلىقىنىڭ قىسمەن ھادىسە بولماستىن، سودا ئەندىزىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يېتەلمىدى.

ئۇلارنىڭ يەنە غەربلەشكەن خىتاينىڭ بارغانسېرى پىششىپ يېتىلگەن نازارەت قىلىش تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ، پۇقرالارنى كومپارتىيىگە بولغان ساداقىتىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن مۇكاپاتلايدىغان ياكى جازالايدىغان ئورۋېلچە «ئىجتىمائىي ئىناۋەت نومۇرى» سىستېمىسى بەرپا قىلىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يېتەلمىدى. سەرخىللىرىمىز پۇلنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قورال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەي، ھەربىي كۈچنى ئۇرۇشتىكى ئاساسلىق قورال دەپ قارىدى. ئۇلار خىتاينىڭ پۇللىرىنىڭ چەتئەلدىكى سىياسىي رەھبەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، (ئۆزلىرىنىڭكىگە زىت) ئىدىيەلەرنى باستۇرۇش، تېخنىكا سېتىۋېلىش ياكى ئوغرىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. خىتاينىڭ پۇللىرى ئىنتايىن تۆۋەن باھادا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە رىقابەتچىلەرنى بازاردىن سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندى. خىتاينىڭ پۇللىرى يەنە ئىلمىي، تېخنىكىۋى ياكى ئىنژېنېرلىق ئۇچۇرلىرىنى توپلاش ياكى ئوغرىلاش ئۈچۈن پالاقلايدىغان «ئاكادېمىكلار قوشۇنى»نى بارلىققا كەلتۈردى.

خىتاي ئىجتىمائىي ئالاقە تورىغا سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق، ھەر خىل ئۇچۇرلارنى تىزگىنلەش ۋە بۇرمىلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. تۆۋەندىكى ماۋزۇلار ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭ: «خىتاي دىسنىي شىركىتىنى خىتايغا مايىل فىلىم ئىشلەشكە قىستىدى»؛ «NBA دىكى مەلۇم بىر كوماندا خىتاينىڭ غەربىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكچىلەر لاگېرىنى شۇنچىكى تەنقىدلەپ قويغان بىر باشقۇرغۇچىسىنى ئىشتىن بوشاتتى»؛ «<نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى> خىتاي كومپارتىيەسى تەشۋىقات ئاپپاراتىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاز سانلىقلىرىنىڭ قانچىلىك ياخشى ياشاۋاتقانلىقى تېما قىلىنغان نەچچە مىڭلىغان ساختا، تۈركۈملەپ ئىشلەنگەن ۋىدىيولىرىنى چىقارغانلىقىنى بايقىدى». بىز (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن) مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ خورلانغانلىقىغا، ھەتتا ئىرقىي

قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقانلىقىغا ئائىت بارلىق ھۆججەتلەرنى غەربنىڭ ئويدۇرمىسى دەپ قاراشقا يېتەكلەندۇق.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار تەشۋىقات مۇجادىلىسى (خىتاينىڭ) دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى جامائەت پىكرىنى خىتايغا پايدىلىق يۆنىلىشكە بۇراش جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك ۋە داۋاملىق كېڭىيىۋاتقان ئۇرۇنۇشنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. «ۋاشىڭتون پوچتا گېزىتى» خىتاينىڭ بىزنىڭ ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنىشىمىزنى بىزگە قارشى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئۈلگۈرگەندى (ئۇلارنىڭ باش بەت ماقالىسىدە شۇنداق دېيىلگەن): «خىتاي تاشقى دۇنيادىكى ھەقىقىي ۋە تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تەسىرىدىن قورقانلىقتىن ‹تور سەددىچىنى›نىڭ ئىچىگە بېكىنىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېقىندا ئاشكارىلانغان ھەرىكەتلەر خىتاينىڭ ئامېرىكا، ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، تېخنىكا شىركەتلىرى ۋە پۇقرالىرى تايىنىدىغان ئاشكارىلىقنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، يالغان ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىگە پايدىلىق سىياسىي ھېكايىلەرنى تارقىتىش غەرىزىنى ئاشكارىلىدى.»

خىتاي يەنە ئامېرىكادا زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان جىنايەتچىلەردىن بىرىدۇر. 2019 - يىلى، ئامېرىكانىڭ نەچچە يىللىق ئۆتۈنۈشى نەتىجىسىدە، خىتاي فېنتانىل ئىشلەپچىقىرىشقا زەربە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. فېنتانىل تەجرىبىخانىدا ياسالغان، خىروئىندىن ئەللىك ھەسسە كۈچلۈك بولغان ئەپيۇنسىمان دورىدۇر. شۇ يىلى (يەنى 2019 - يىلى)، ئامېرىكىدا 37 مىڭ ئادەم فېنتانىلنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەندى. (فېنتانىلغا قارىتىلغان «باستۇرۇش»تىن كېيىنكى بىر يىلدا، فېنتانىلنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 57 مىڭغا چىقتى. بروۇكىڭس ئىنستىتۇتىنىڭ (Brookings Institution) 2020 - يىلى 7 - ئايدىكى دوكلاتىدا يەكۈنلەنگىنىدەك: «2013 - يىلدىن باشلاپ، خىتاي ئامېرىكادىكى قانۇنسىز زەھەرلىك چېكىملىك بازىرىغا ئېقىپ كىرگەن فېنتانىلنىڭ ياكى فېنتانىل ئىشلەپچىقىرىشتا — كۆپىنچە ھاللاردا مېكسىكىدا — ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ كەلدى ۋە ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئەجەللىك زەھەرلىك چېكىملىك ۋاباسىغا سەۋەب بولدى». ئاندىن، بروۇكىڭس ئىنستىتۇتىدىكىلەر خىتاينىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى قىلمىش ئەندىزىسىنى چۈشەندۈرگەن بولۇپ، مەزكۇر ئەندىزىدە خىتاي ئالدى بىلەن بۇنداق مەسىلىنى بارلىقىنى ئىنكار قىلغان. كېيىن، بۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى بۇنىڭغا قارىتا يېتەرلىك تەدبىر قوللانمايدىغاندەك قىلاتتى. (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا) ئامېرىكا (ئۆزىنىڭ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە) خىتاينى (فېنتانىل ئەتكەسچىلىكى جەھەتتە) تېخمۇ غالجىرلاشتۇرۇۋەتكەندى. بۇ گەپ راستمۇ؟ ئەگەر بىز «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ پرىنسىپىنى چۈشەنسەك ۋە خىتايدىن ئىبارەت ھەممىنى كۆزىتىشكە ئۇرۇنىدىغان دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساقچى كۈچىنى بىلسەك، خىتاينىڭ ئامېرىكادا تولىمۇ ئېغىر تالاپەتكە سەۋەب بولغان ئىنتايىن ۋەيران قىلغۇچ مەھسۇلاتنى ئېكسپورت قىلىدىغان بىر ساھەنى توختىتىۋېتىشكە قادىر ئەمەسلىكىگە ئىشىنەمدۇق؟

كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە، گول مۇھىت ئاسراش تەشەببۇسچىلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ يەنە بىر يۈرۈش يالغانچىلىقلىرىغا ئالدىنىپ كەتكەن. دەرۋەقە، بايدېن ھۆكۈمىتى ـــ ئوباما ھۆكۈمىتىگە ئوخشاشلا ـــ خىتاي بىلەن كىلىمات مەسىلىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىغا ۋە روياپقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك خىتاينىڭ باشقا ساھەلەردىكى ناچار قىلمىشلىرىنى ئەپۇ قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. «مىللىي ئوبزور»دا (National Review) «ئېنېرگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى»نىڭ خىتاينىڭ ئىچكى پىلانىغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى مۆلچەرى نەقىل قىلىنغان: «خىتاي بۇ يىل (2021 ـ يىلى) مارتتا يېڭى، يەنى <14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان>نى ئېلان قىلىپ، غەربتىكى كىلىمات تەنتەنچىلىرىنى خىجالەتتە قويدى. چۈنكى، بېيجىڭنىڭ پىلانىدا قويۇپ بېرىشكە بولىدىغان كاربوننىڭ يۇقىرى مىقدارى بېكىتىلمىگەن، تەدرىجىي ھالدا كۆمۈر ئىشلىتىشنى تەرك ئېتىشمۇ تىلغا ئېلىنمىغان، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ (يەرشارى كىلىمات ئەھۋالىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بەرگەن) سۆزىنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى لايىھەمۇ يوق ئىدى. خىتاي 2060 ـ يىلغا بارغاندا كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش (دۆلەت، كارخانا، مەھسۇلات، پائالىيەت ياكى شەخسنىڭ تاشقاتمىلىق يېقىلغۇلارنىڭ ئورنىغا تۆۋەن كاربونلۇق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئىشلىتىش، دەرەخ تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى ئازايتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزى قويۇپ بەرگەن كاربونلارنى يوقىتىشنى كۆرسىتىدۇ، ت) توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، يېڭى بەش يىللىق پىلاندا ئىشلىتىلگەن كۆمۈرلەردىن قويۇپ بېرىلىدىغان ماددىلار ئەمەس، بەلكى كۆمۈرنىڭ خىتاينىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن.»

بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ھەممىسى دىپلوماتىيەدىن بەكرەك ياۋۇزلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە شىركەتلىرىگە، شۇنداقلا تاراتقۇلارغا، دىنىي گۇرۇپپىلارغا، ئاكادېمىكلارغا، پۇقرالار ھوقۇقى تەشكىلاتلىرىغا ۋە يەككە پۇقرالارغا بولغان تەسىرىنى دەھشەتلىك تۈردە ئاشۇرۇشتىكى مۇددىئاسى بۇ (جەريانىدا قوللىنىلغان) ۋاستىلەرنى يوللۇقلاشتۇراتتى. خىتاي دائىم خەلقئارا سودا قانۇنلىرىنى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنلىرىنى، مۇھىت قانۇنلىرىنى، دورا قانۇنلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان باشقا نۇرغۇن قانۇنلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

خىتاينىڭ تاجسىمان ۋىرۇسنى تارقىتىش جىنايىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ناچار قىلمىشى بولماستىن، پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىدۇر. خىتاي ئاشكارا ـ يوشۇرۇن بارلىق ساھەلەردە بىز بىلەن كۆرەش قىلماقتا.

## ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى كۆرۈپ يېتىش

خىتاينىڭ ئۇرۇشنى چۈشىنىش پەۋقۇلئاددە زۆرۈر. بىز ئۇنىڭ خوڭكوڭغا ئون-تىنىسىز تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ نەتىجىلىرىنى، جۈملىدىن مۇستەبىت چەكلىمىلەرنىڭ بىر مەھەل ئەركىن بولغان بۇ شەھەرنى ئىسكەنجىسىگە ئالغانلىقىنى كۆردۇق. خىتاينىڭ ماختاپ-ئۇچۇرۇلغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» دۇنيانىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقتا. ھازىر خىتاينىڭ كۈچلۈك يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى بار بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ قورال-ياراغ ئامبىرىنى ئامېرىكا ۋە رۇسىيەنىڭكى بىلەن تەڭلىشەلىگۈدەك سەۋىيەگە ئەكەلدى. شى جىنپىڭنىڭ دۈشمەنلىك سۆزلىرى بارغانسېرى چەكتىن ئاشماقتا. ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىق خاتىرە مۇراسىمىدا مۇنداق دېدى: «خىتاي خەلقى چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ئۆزىنى بوزەك قىلىشىغا، ئېزىشىگە ۋە قۇل قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. كىم شۇنداق قىلىشنى خام خىيال قىلىدىكەن، 1 مىليارد 400 مىليون خىتاي خەلقىنىڭ گۆشى ۋە قېنىدىن پۈتكەن پولات سەددىچىنگە ئۇسۇپ، بېشى يېرىلىپ، يۈز-كۆزى قانغا بويىلىدۇ.»

ھېچكىم خىتاينىڭ بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن تىرىشۋاتقانلىقىدىن ۋە شۇ تاپتا «بىز ئۇتۇۋاتىمىز» دەپ قاراۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانماسلىقى كېرەك.

مەن كەسپىي ھاياتىمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى باشقا تەھلىلچىلەر بىلەن خىتاينىڭ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بىز ئەمدى جاۋابقا ئېرىشتۇق. شى جىنپىڭنىڭ ئېنىق قىلىپ ئېيتقىنىدەك، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇددىئاسى 2049-يىلىغا بارغاندا، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتايدا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغىنىغا يۈز يىل بولغاندا، خىتاينى بىردىنبىر دۇنياۋى كۈچ سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگۈزۈشتۇر. بۇ نىشانغا يېتىشنىڭ يولى «زۆرۈر تېپىلغان ھەر قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىش» بولۇپ، بۇ يولدىكى توسالغۇ ئامېرىكادۇر.

قىسمەن ھالدا تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى سەۋەبلىك، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر ـــ ھېچ بولمىغاندا ئاغزاكى بولسىمۇ ـــ خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا ئەسلىدىكىدىن كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئەمما ھازىرغا قەدەر، بۇ بەكلا يېتەرسىز، بولۇپمۇ بىز ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىنى كۆرۈپ يەتكەن ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق.

ئەگەر بىز خىتاينى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولىغا باشلاش پۇرسىتىمىز بار دەپ قارىساق، ئۇنداقتا نادانلىقىمىزدا شەك قالمايدۇ. بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدىغان دۈشمەندۇر. بىز خىتاينىڭ بىزنى ھالاك قىلىش كويىدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بىز يەنە خىتاينىڭ بىز زىنھار ھېس قىلالمىغان يوللار ئارقىلىق بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا، بىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇرۇش بۆلۈمىگە كۆز يۈگۈرتىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىدىغان بىر كۆزنەك تېپىشىمىز كېرەك.

تەلىيمىزگە يارىشا، بىزدە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تىن ئىبارەت سۈپسۈزۈك كۆزنەك، يەنى خىتاينىڭ نىشانى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇرۇش قوللانمىسى بار. ئۇ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى كىلاسسىك ھەربىي ئەسەر بولمىش «سۇنزىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە كۆپ يىللار جەريانىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بىر قىسىم ۋاقتى ئۆتمەس پرىنسىپلارنى زامانىۋى مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇلاردىن بەزىلىرىدۇر:

* ئۇرۇشنىڭ «يۈزى»نى بىل! ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن. بىرىكتۈرۈلگەن، چەكلىمىسىز ئۇرۇش غەيرىي زوراۋان ۋاستىلەر ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشىشكە ئىنتىلىدۇ، لېكىن زوراۋانلىقنى تامامەن چەتكە قاقمايدۇ.

* دۈشمىنىڭنى تونۇ! ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئاجىزلىقىنى بىل ھەمدە ئۇلارنى ئۆزۈڭنىڭكىگە سېلىشتۇر.

* يەكدىل قوشۇن قۇر! ھەربىي ۋە پۇقراۋى ھەرىكەتلەرنىڭ بارلىق تەرەپلىرى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇشى كېرەك.

* خەلقنى رەھبەرلىرى بىلەن ئىناقلاشتۇر! پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ زېھنىنى ئۆز نىشانىڭنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەركەزلەشتۈر.

بۇ كىتاب خىتاينىڭ قانداق رەۋىشتە ۋە نېمە ئۈچۈن قائىدىسىز ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى ئوقۇغان بولسىڭىز، يېقىندا شاھىت بولغان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى سىزنى ھەيران قالدۇرمايدۇ. ئەگەر رەھبەرلىرىمىز ئۇنى ئوقۇسا، ئۇلار خىتاينىڭ تاجاۋۇزىنى توختىتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئۇنداقتا، بىز بۇ كىتابنى تەتقىق قىلىپ باقايلى.

## ئىككىنچى باب: يېڭىچە ئۇرۇش ئۇسۇلى

«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىككى پولكوۋنىكى تەرىپىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ «سۈنزىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى» ۋە (خىتايدىكى) باشقا كىلاسسىك ھەربىي ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردىن ئورۇن ئالغان.

1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئامېرىكا يەرشارىدىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. گەرچە خىتاي كومپارتىيەسى ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىن تارتىپلا ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئاتامانلىقنى ئېرىشىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يولى تولىمۇ ئۇزۇندەك قىلاتتى. خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر ئۆز ـ ئۆزىدىن «كېيىنكى قەدەمدە نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن مۇھىم سوئالنى سوراۋاتاتتى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئىستراتېگىيەلىك ئاقىللار ئامبىرىنىڭ پولكوۋنىكلىرىدىن چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆزلىرىنى بۇ ھەقتە ياخشى چارىلىرى بار، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى (يەنى ئەسىرى) دۆلەتنىڭ يۈنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان كومپارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ۋە بۇ بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىدىغان مىڭلىغان كادىرلارنى تەربىيەلەيدىغان، قاتتىق كونترول قىلىنىغان ئاز ساندىكى ھەربىي ۋە سىياسىي ئاكادېمىكلارنىڭ قولىغا يېتىپ باراتتى. 1990 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، مەزكۇر خىتاي پولكوۋنىكلىرىغا ئامېرىكانىڭ شۇ ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىستراتېگىيەسىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. مەزكۇر ئۇرۇش قىسقا، رەھىمسىز ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. گەرچە، 2003 ـ يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك نەتىجىسى سەۋەبلىك، مەزكۇر ئۇرۇش (يەنى بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى) ئامېرىكاغا نىسبەتەن تارىختىكى ئىككىلەمچى ۋەقەگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى پولكوۋنىك مەزكۇر ئۇرۇش جەريانىدا مۇھىم بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، دۇنيا ھېچقاچان بۇنچە تېز ۋە تەلتۆكۈس غەلىبىگە شاھىت بولۇپ باقمىغانىدى.

«شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە مەجلىسى»نىڭ رەئىسى گېنېرال كولىن پوۋېلنىڭ سۆزىنى (Colin L. Powell) ئەسلەپ بېقىڭ، ئۇ خەلقئارالىق مۇخبىرلار ئەترىتىنىڭ ئالدىدا تەمكىنلىك بىلەن تۇرۇپ، بىزنىڭ «قۇملۇق بورىنى» (Desert Storm) ھەرىكىتىنى قانداق ئىجرا قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ: «بىزنىڭ بۇ قوشۇنى بىر تەرەپ ئىستراتېگىيەمىز ئىنتايىن، ئىنتايىن ئاددىي. ئالدى بىلەن ئۇنى پارچىلىۋېتىمىز، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرىمىز» دېگەنىدى.

ئۇ تەخمىنەن بىر ئاي ئىچىدە بۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئامېرىكالىقلار تانكا جېڭىدە «نۆلگە قارشى ئەللىك»لىك نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلدى. پوۋېلنىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك، ئىراق ھاۋا ئارمىيەسى يەر يۈزىدىلا تىرىپىرەن قىلىۋېتىلدى. ھەرقانداق ئىراق ئايروپىلانى ھاۋاغا ئۆرلەشكە مۇۋەپپەق بولغان تەقدىردىمۇ، زەربىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئۇقالمىغۇدەك دەرىجىدىكى يىراقلىقتىن پاچاقلاپ تاشلانغان بولاتتى. مۇھىم ئورۇنلارغا قارىتىلغان بومباردىمان دەل جايىدا ۋە ئەجەللىك ئىدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى پارس قولتۇقىنى تىزگىنلىۋالغان بولۇپ، پېڭلىمەس قالقاننىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلاتتى.

بىر قىسىم ئەڭ ۋەيران قىلغۇچ قوراللار ئاشكارا كۆرۈنمەيتتى. «دوزاخ ئوتى» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە لازېر ئارقىلىق يېتەكلىنىدىغان بومبىلار ئىراقنىڭ ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. نەتىجىدە، ئىراق ئارمىيەسى ئۈزۈن ئۆتمەيلا خۇددى يوقاتقان قارىغۇغا ئايلىنىپ، قورقۇنچ ئىلكىدە بىر بۇلۇڭغا تۆگۈلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئەڭ ئاخىرقى ۋەيران قىلغۇچ زەربە يېتىپ كەلدى. دەل جايىغا تەگكەن بومباردىمانلار نەتىجىسىدە، «ئۆلۈم يولى» (طريق الموت ـــ ئىراق بىلەن كۇۋەيت ئارىسىدىكى تاشيول بولۇپ، كۇۋەيت شەھىرىدىن باشلىنىپ، ئىراق ـ كۇۋەيت چېگراسىدىكى سەفۋان بازىرىدىن ئۆتۈپ، بەسرە شەھىرىگىچە تۇتىشىدۇ. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، 1991 ـ يىلى 26 ـ فېۋرالدىن 27 ـ فېۋرالغىچە، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بۇ يولدىن پايدىلىنىپ كۇۋەيتتىن چېكىنىۋاتقان ئىراق ئارمىيەسىگە ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلغان. ھۇجۇم نەتىجىسىدە، ئىراق ئارمىيەسىگە تەۋە 1400 دىن 2000 گىچە تانكا ۋە ماشىنىلار ۋەيران بولغان ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاياتىدىن ئايرىلغان، ت) چېكىنىۋاتقان ئىراق ئارمىيەسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ ئېرىگەن مېتاللاردىن پۈتكەن قەبرىستانىغا ئايلاندى.

ئەمما، بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى ئەجەلسىز قوراللارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولدى. ئامېرىكا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى قوللانماي تۇرۇپ غەلىبە قىلغانىدى. خەۋەرلىشىش ۋە ئېلېكتر ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىش كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرغانىدى. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى دەپ ئاتالغان ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى پولكوۋنىكى جون ۋاردېن (John Warden) مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خورىتىش ئۇرۇشى (خورىتىش ئۇرۇشى ـــ دۈشمەننىڭ خادىملىرىنى، ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە تەمىناتىنى ئىزچىل زىيانغا ئۇچرىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتە يىمىرىلىشكە مەجبۇرلاش ياكى ئۇلارنى قارشى تۇرۇش ئىرادىسى قالمىغۇچە خورىتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ، ت) باشقا بىر دەۋرگە (يەنى ئۆتمۈشكە) تەۋە، نوقۇل ھالدا جاسارەت ۋە چىدامغا تايىنىپلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. غەلىبە مەسىلە توغرىسىدا ئىنچىكە ئويلىنىدىغان ۋە بارچە مەۋجۇت قوراللاردىن پايدىلىنىدىغانلارغا تەۋەدۇر.»

ئامېرىكانىڭ غەلىبىسى ھەقىقەتەن تېخنىكا، تاكتىكا ۋە ئىجرائاتنىڭ نادىر ئەسىرى ئىدى. ئەگەر سىز («چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نى يازغان) پولكوۋنىكلارغا ئوخشاش كەسپىي خادىم بولسىڭىز، بۇنىڭغا قايىل بولۇشقا ۋە: «بۇ ختتاي ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» دەپ ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىسىز.

ختتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا دۇنياغا نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ يۈز يىلدا يەرشارىغا ئاتامان بولۇش پىلانىغا قارىتىلغان (ئامېرىكادىن ئىبارەت) ھايات ـ ماماتلىق تەھدىتنى كۆردى. لېكىن، ئۇلار (بۇ رەقىبنى يېڭىش جەريانىدا) سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ھەربىي ھازىرلىق رىقابىتى سەۋەبلىك ۋەيران بولۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆز پۇقرالىرىنىڭ شەرقىي گېرمانىيە ۋە كوممۇنىزم لاگېرىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ خەلقلىرىگە ئوخشاش نامايىش ۋە ئىنقىلاب قىلىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ختتاي ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىنى ئاساس قىلىدىغان ۋە يۈز مىليونلىغان نامرات پۇقراسى بار، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئىدى. سانائەتلىشىش كۆرۈنەرلىك كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ختتاي ئىقتىسادىنىڭ تاماملاشقا تېگىشلىك مۇساپىسى يەنىلا ئىنتايىن ئۇزۇن ئىدى.

ئەينى چاغدا، ختتاي ئارمىيەسىنىڭ كۆلىمى چوڭ بولسىمۇ، ئەمما يېقىندىلا تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىنغان ئىراق ئارمىيەسىدىن ئانچە سۈپەتلىك بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئامېرىكا ۋاردېنىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق تاكتىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئىراق ئارمىيەسىنى شۇنچە تېز ۋە تۆۋەن تەننەرخ بىلەن يوقىتالىغان بولسا، ئۇ يادروسىز ئۇرۇش جەريانىدا ختتايغا نېمىلەرنى قىلالىشى مۇمكىن؟

بۇ ئىككى پولكوۋنىك ھەممىدىن مۇھىمى سادام ھۈسەيىنگە ئوخشاش ھاماقەتلەرچە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيەسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك دەپ يەكۈن چىقارغان. چۈنكى، غەرب بىلەن بىۋاستە ھەربىي توقۇنۇشنىڭ خەۋپى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

قىسقىسى، ختتاي كومپارتىيەسى 2049 ـ يىلىغىچە ئاتامانلىق چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كېيىنكى باسقۇچلۇق يېڭى پىلان تۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار غەربكە قارشى، ئۇرۇشقا ئوخشىمايدىغان مەخپىي ئۇرۇش قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ ئامېرىكالىقلارمۇ، ش ئا ئە ت مۇ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىمۇ، ب د ت مۇ چۈشەنمەيدىغان — تاقابىل تۇرۇشتىنغۇ پەقەتلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ — يېڭى، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇرۇش ئىدى. ختتاي ئامېرىكانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك ئىدى ۋە بۇ جەريانىدا تالىبان، ئەلقائىدە، ئىران، رۇسىيە ۋە شىمالىي كورېيە قاتارلىق باشقا يەرشارىۋى ئىشتىراكچىلار «ئەسكى پېرسوناژ» سۈپىتىدە غەربنىڭ دىققىتىنى چالغىتىپ تۇراتتى.

چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈينىڭ يازغىنى دەل ختتاي كومپارتىيەسى ئېھتىياجلىق پىلان بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە «ھەممە نەرسە ئۇرۇشتۇر» دەيدىغان تەلىمات ئىدى. ئۇلارغا كۆرە، زامانىۋى ئۇرۇش ئەنئەنىۋى

**ھەربىي ۋاستىلەردىن ھالقىپ كېتەلەيتتى، ھەتتا تامامەن ھەربىيدىن خالىيمۇ بولالايتتى. پۇقرالارمۇ جەڭچى بولۇشى كېرەك ئىدى. جەڭگاھ (بىۋاستە قورال ـ ياراغلىق توقۇنۇشقا ئەمەس) ئۇچۇر، ئىقتىساد، تېخنىكا، مۇھىت قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئاخىرىدا، بۇ خىل ئۇرۇش، يەنى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»، قائىدىسىز ئۇرۇش مەڭگۈلۈك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئۆز ئەسىرىنى 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، پارىس قولتۇقى ئۇرۇشى پارتىلىغانلىقىغا سەككىز يىل بولغاندا ئېلان قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەزكۇر ئەسەر ئىزچىل ياشناپ كەلدى.**

*******

**بۇ ئىككى پولكوۋنىك «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئۇقۇمىنى ئىجاد قىلغىنى يوق، ئەمما ئۇلار ئۇنى ھەربىي ۋە سىياسىي رەھبەرلەر ئوقۇيدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان تەلىماتقا ئوخشۇشلۇق سىڭدۈرگەن. ئۇلار خىتاينىڭ ئۇرۇش ھەققىدىكى نەچچە يۈز يىللىق تەپەككۇرىنى جۇغلاپ، ئۇلارنى زامانىۋى مۇھىتتا ئۆزئارا باغلاشتۇرغان. ئۇلار خىتاي رەھبەرلىرى ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بولغان، ئەمما ئەمەلىي كۈچى كەمچىل پەيتتە، قانداق قىلىپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ھەققىدە مەنتىقىگە ئۇيغۇن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» داۋاملىشىۋاتقان تىرىشچانلىقلارنى قېلىپلاشتۇرغان ۋە «يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تېخنىكا ساھەسىدىن پايدىلىنىپ دۇنيا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش» دېگەندەك يېڭى نەزەرىيەلەرنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. مەزكۇر كىتاب ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولمىش ئامېرىكا بىلەن تېخىمۇ دادىل پۇت تېپىشەلمىگەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان كومپارتىيە سەرخىللىرىنىڭ كاللىسىدا ئاللىقاچان يىلتىز تارتىپ بولغان ئىدىيەلەرنى قەغەز يۈزىگە قوندۇرغانىدى. بۇ ھەربىي مەكتەپلەردە ۋە پارتىيە ئاقىللار ئامبىرىدا ئوقۇلىدىغان، دەل ۋاقتىدا يېزىلغان توغرا كىتاب ئىدى.**

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى قائىدىسى شۇكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق قائىدىسى يوقتۇر ۋە ئۇنىڭدا ھېچنەرسە چەكلەنمەيدۇ» دەيدۇ پولكوۋنىك چياۋ لياڭ.**

**گەرچە چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ھەربىي ئوفىتسېر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارزۇسى نوقۇل ھالدا ھەربىي ئىستراتېگىيەچى بولۇشتىن ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى ئىقتىساد، سىياسەت، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى، شۇنداقلا تېخنىكىنىڭ ئىنسانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە تىزگىنلەش جەھەتتىكى كۈنسېرى زورىيىۋاتقان كۈچى جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇرلار دەپ قارايتتى.**

**ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى ئىستراتېگىيە دېگەندىن كۆرە، تەلىمات دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار (ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتتىكى) مەزكۇر پرىنسىپلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ كونكرېت ئىستراتېگىيەلەرنى تۈزۈشكە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىن چىقىشى مۇمكىن بولغان، تىلى ئاددىي، قۇرۇلمىسى پۇختا كىلاسسىك تەلىماتقا ئوخشىمايدىغىنى، بۇ ئىككى پولكوۋنىك (ئۆز ئەسىرىدە) پەلسەپە ۋە تارىخقا مەپتۇن بولغان بولۇپ،**

گاھدا موڭغۇللارنىڭ چەۋەندازلىق تاكتىكىسىنى تىلغا ئالسا، گاھدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تانكىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، يەنە گاھدا ئەسىرلەر مابەينىدىكى خىتايچە تەپەككۇر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن.

ئۇلار خىتاينىڭ قەدىمكى زاماندىكى «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي غەلىبە قىلىش» ئۇقۇمىغا تولىمۇ ئوخشايدىغان «يېڭى ئۇرۇش» توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغاندى. ئۇلار (قورال ـ ياراغ زوراۋانلىقىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان) «سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا زوراۋانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويغاندى.

بۈگۈنكى مۇھىم نۇقتا «ئۆزىنىڭ مەنپەئەت تەلەپلىرىنى دۈشمەنگە قوبۇل قىلغۇزۇش ئۈچۈن، بارلىق ۋاستىلەرنى، جۈملىدىن قوراللىق كۈچ ۋە غەيرىي قوراللىق كۈچنى؛ ھەربىي ۋە غەيرىي ھەربىي، ئەجەللىك ۋە غەيرىي ئەجەللىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش» ئىدى. ياكى تېخىمۇ مەشئۇم تەرزدە خۇلاسىلىگەندە: «دۈشمەننى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلاش» ئىدى.

مەزكۇر كىتاب تۆۋەندىكىدەك تەپسىلاتلار بىلەن تولغان: ئىختىلاپ پەيدا قىلىش ئۈچۈن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پسىخىكىلىق ئۇرۇش؛ رەقىبىنىڭ سىياسىي سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىدىغان تاراتقۇ ئۇرۇشى؛ سودا مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە جاسۇسلۇق قىلىش؛ بازارنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئەتكەسچىلىك ئۇرۇشى؛ ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلغان زەھەرلىك چېكىملىك ئۇرۇشى. پۇل مۇئامىلە بازىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش؛ سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ياكى دۇنياۋى سەھىيە مەسىلىلىرىنى باشقۇرىدىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش؛ توك ياكى تېلېفون تورى قاتارلىق ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە ھۇجۇم قىلىش؛ شۇنداقلا، بىيولوگىيەلىك ئۇرۇش.

ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدە چوڭقۇر ئەخلاقسىزلىق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئەركىن تەپەككۇرغا ئىگە دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئەسىرلەر مابەينىدە بېكىتىلگەن قائىدە ۋە چەكلىمىلەرنى، جۈملىدىن جەنۋە ئەھدىنامىسى ياكى ئادىل سودا، يەر شارى ساغلاملىقى، سىجىل بېلىقچىلىق ۋە باشقا نۇرغۇن زۆرۈر ئېھتىياجلارنى تەرتىپكە سېلىشنى مەقسەت قىلغان يۈزلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلار قاتارلىق شەيئىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندى.

ئۇلار تېخنىكا، كومپيۇتېر ۋە (شۇ چاغدا) يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىنتېرنېتنىڭ ھەربىي كۈچى جەھەتتە قالتىس ئالدىن كۆرەرلىكىنى نامايەن قىلغاندى. ئۇلار «كومپيۇتېر خاككېرلىرى»نى بىرىنچى ھۇجۇم سېپى دەپ قارىغان ھەمدە «مەلۇم بىر دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەشكىللىك خاككېرلىق ئۇرۇشى» يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلىگەنىدى. دەرۋەقە، 2021 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پۈتكۈل غەرب ئەللىرى مۇشۇنداق ھۇجۇمغا دۇچ كەلدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى سۆز ـ ئىبارىلەردە زىيادە ئەزۋەيلەنگەن ئەسىرىدە شۇنداق دەپ يازغان: «ھەتتا <يادرو ئۇرۇشى>مۇ ۋاقتى ئۆتكەن ھەربىي ئاتالغۇغا ئايلىنىشى مۇمكىن بولغان دۇنيادا، قېلىن كۆز ئەينەك تاقىغان، يۈزلىرى تاتىراڭغۇ تەتقىقاتچىلار، مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن

ياشلارغا قارىغاندا ‹زامانىۋى جەڭچى› بولۇشقا تېخىمۇ ماس كېلىشى مۇمكىن. رەقەملىك جەڭچىلەر ئۆتمۈشتىكى پالۋانلارنىڭ ئورنىنى ئالماقتا.»

بۇنداق خىلمۇخىل تاللاشلارنى دائىم بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك بولۇپ، ئۇلار بۇنى «قاتلىنىش» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار نۇرغۇن ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ياكى «چەكلىمىلەردىن ھالقىغان بىرلەشمە ئۇرۇش»نىڭ ئۈنۈمىنىڭ ھەسسىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋە بۇنى «ئەبجەش ئۇرۇش» دەپ ئاتىغان.

بۇ ھەم ئەخمىقانە، ھەم كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنداق بىر يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقارغان: «شۇڭغا جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، كىمكى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش زىياپىتى ئۈچۈن مەززىلىك ۋە ئۆزگىچە ئەبجەش تائاملارنى تەييارلىيالىسا، ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت تاجىنى كىيىشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ.»

ئۇلارنىڭ ئەسىرى تەلىمات، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارغا تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلارنى قوشقان باشقا كىتابلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. مانا بۇ ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىم بولغان خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يۈزمىڭلىغان خاككېر، تەكشۈرگۈچى، تەشۋىقات مۇتەخەسسىسى ۋە بىيولوگىيىلىك ئۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق ياللىغۇچىسى ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ـــ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، خىتاي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ھەر كۈنى ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىغان ـــ تەپسىلىي، ئەتراپلىق نۇقتىئىنەزەر بايان قىلىنمىغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك

## نۇرغۇن ئىلىم ئەھلى جېنىنى پىدا قىلغان كىتاب — دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك

قەغەز ـ قەلەم بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەپىلەشىپ باققان ھەر بىر تۈرك قەۋمىنىڭ پەرزەنتىگە مەلۇمكى، 1008~1102 ـ يىللىرى ئارىسىدا قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىي تەرىپىدىن خاقانىيە (ئۇيغۇر) تىلىدا يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۈرك تىلى دىۋانى) ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تۈرك دۇنياسىدىكى ئەڭ قەدىمىي تۈركچە لۇغەتتۇر.

مەزكۇر ئەسەر مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك مەقسەتتە يېزىلغان:

1. تۈرك تىلىنىڭ ئەرەبچىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش.

2. ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئۈستۈن سەۋىيەدە سىزىلغان خەرىتىلەر ئارقىلىق تۈرك قەۋملىرى جايلاشقان رايونلارنى كۆرسىتىش.

3. تۈركلەرنىڭ ياشاش شەكلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى كەلگۈسىدىكىلەرگە يەتكۈزۈش.

ھالبۇكى، يۇقىرىقىلاردىن سىرت، بۇ ئەسەر توغرىسىدا بىلمەيدىغانلىرىمىز ھېلىھەم بىلىدىغانلىرىمىزدىن تولىمۇ كۆپتۇر. مەسىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەسەرنى يېزىلغاندىن تارتىپ ئىزچىل ھالدا كىشىلەر تەرىپىدىن بىلىنىپ كەلگەن مەشھۇر ئەسەر دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئەلۋەتتە، تۈرك دۇنياسى بۇ ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋەردار ئىدى. لېكىن تاكى 1914 ـ يىلىغا قەدەر ھېچكىم ھېچيەردە بۇ ئەسەرنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. يەنى، تۈرك دۇنياسى 1914 ـ يىلىغا قەدەر مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئىسىملىك بىر ئەسىرى بارلىقىنى بىلەتتى ـ يۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ ئەسەرنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولمىغانىدى. ئۇنداقتا، 1914 ـ يىلىغىچە بۇنداق بىر كىتاب ھېچكىمنىڭ قولىدا يوق بولسا، بىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق بىلەتتۇق؟

جاۋاب شۇكى، بىز باشقا كىتابلار ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەنىدۇق. مەسىلەن، ئەڭ دەسلەپتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» توغرىسىدا توختالغانلاردىن بىرى بەدرىددىن مەھمۇدتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىكدۇل جۇمان فىي تارىخى ئەھلى زامان» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىدا مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئەسىرىدىن نەقىل ئالغان. بەدرىددىن مەھمۇد يالغۇز بۇ ئەسەردىلا ئەمەس، بەلكى قېرىندىشى شاھابەددىن ئەھمەد بىلەن بىرلىكتە يازغان «تارىخ ئەششىھابى»دىمۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىن نەقىل ئالغان. كېيىنچە، كاتىپ چەلەبى ئۆزىنىڭ «كەشفۇز زۇنۇن» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى تىلغا ئالغان.

شۇنداق، تۈرك دۇنياسىدا زور قىزىقىشقا سازاۋەر بولغان بۇ ئەسەر كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا يوق ئىدى. هالبۇكى، ئەسلىدە بۇ كىتاب سابىق مالىيە نازىرى نازىف بەيىنىڭ ئۆيىدىكى كىتابلار ئارىسىدا بار ئىدى. نازىف بەي گەرچە بۇ كىتابنىڭ قىممەتلىك ئەسەر ئىكەنلىكىنى هېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ زادى قانچىلىك قىممىتى بارلىقىنى يەنىلا تونۇپ يېتەلمىگەنىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ كىتابنى تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى بىر ئايالغا هەدىيە قىلىپ: «بۇ قىممەتلىك كىتابتۇر. بېشىڭىزغا كۈن كەلگەندە سېتىپ پايدىلانسىڭىز بولىدۇ. لېكىن، بۇنى ئوتتۇز لىرادىن ئەرزان باهادا سېتىۋەتمەڭ» دېگەن. دەرۋەقە، بىر مەزگىلدىن كېيىن، هېلىقى ئايال پۇلغا موهتاج بولغاچقا، بەيازىدتىكى نىمكەش كىتابچىلار بازىرىغا بېرىپ، كىتابنى بۇرهان ئىسىملىك بىر كىتابچىغا تۇتقۇزۇپ: «بۇنى مەن ئۈچۈن سېتىپ قويۇڭ، قانچە پۇلغا ساتسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ماڭا پەقەت ئوتتۇز لىراسىنى بەرسىڭىزلا بولىدۇ» دېگەن. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۈرك كۇتۇپخانىچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ئەلى ئەمىرى ئەپەندى «يېڭى كىتابلار كېلىپ قالغانمىدۇ؟» دېگەن ئۈمىدتە، ئادىتى بويىچە نىمكەش كىتاب بازىرىنى ئايلانغىلى كەلگەن. ئۇ بۇرهان بەيىنىڭ دۇكىنىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى كۆرگەندىن كېيىن، مىسلىسىز هاياجان ۋە خۇشاللىققا چۆمگەن هەمدە كىتابنى ئوتتۇز لىراغا سېتىۋېلىپ، كىتابچى بۇرهانغا ۋاكالەتچىلىك هەققى سۈپىتىدە ئۈچ لىرا بەرگەن.

ئاندىن ئەلى ئەمىرى يېڭى قولغا كىرگۈزگەن بۇ كىتابنى هەر تەرەپتە تونۇشتۇرۇپ شۇنداق دېگەن: «بۇ كىتاب ئەمەس، بەلكى تۈركىستاندۇر. تۈركىستانمۇ ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جاهاندۇر. تۈرك ۋە تۈرك تىلى مۇشۇ كىتابنىڭ شاراپىتىدە تېخىمۇ يۈكسەك پەللىلەرگە چىقىدۇ. ئەرەب تىلىدا سىبەۋەيھىنىڭ كىتابى قانداق ئورۇن تۇتسا، بۇ كىتابمۇ تۈرك تىلىدا شۇنداق ئورۇن تۇتىدۇ. تۈرك تىلىدا هازىرغىچە بۇنداق بىر كىتاب يېزىلغان ئەمەس. بۇ كىتابقا لايىقىدا ئېتىبار بېرىشكە توغرا كەلسە، دۇنيا خەزىنىلىرى يېتىشمەي قالىدۇ ...»

نەتىجىدە بۇ خەۋەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاۋۋال ئىستانبۇلدا، ئارقىدىن ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ هەممە جايلىرىدا، ئاخىرىدا پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ، كۈچلۈك داغدۇغا قوزغىغان. ئەسىرلەر بويى مەۋجۇتلۇقى بىلىنىپ كەلگەن، ئەمما هېچكىم كۆرۈپ باقمىغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا چىققان. دەسلەپتە، زىيا گۆكئالىپ قاتارلىق نۇرغۇن تۈرك مىللەتچىلىرى بۇ كىتابنى كۆرۈپ بېقىشقا تەشنا بولغان بولسىمۇ، ئەلى ئەمىرى ئەپەندى ئۇنى هېچكىمگە كۆرسەتمىگەن. لېكىن، ئەلى ئەپەندى يەنىلا بۇ كىتابنى باشقىلارغا كۆرسىتىشكە مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، كىتاب نىسبەتەن رەتسىز ۋە پارچە هالەتتە بولۇپ، ئەلى ئەپەندى قولىدىكى بۇ كىتابنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمىگەنىدى ۋە بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشنى ئويلايتتى.

ئەينى چاغدىكى ئىستانبۇلدا، بۇ سوئالغا پەقەت كىلىسلىق (كىلىس ـــ تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئانادولۇ رايونىدىكى كىلىس ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدۇر، ت) مۇئەللىم رىفات ئەپەندىلا جاۋاب بېرەلەيتتى. رىفات ئەپەندى بۇ كىتابنى تولۇق ئىككى ئاي تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭغا بەت نومۇرى قويغان

ۋە: «بۇ <دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك>نىڭ كەمتۈك ئەمەس، تولۇق نۇسخىسى ئىكەن» دەپ يەكۈن چىقارغان. كېيىن، بۇ خەۋەر مەشھۇر تەلئەت پاشانىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ۋە تەلئەت پاشا بۇ ئەسەرنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەتبەئەدە باستۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. نەتىجىدە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەلى ئەمىرى ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، كىلىسلىق مۇئەللىم رىفاتنىڭ تەھرىرلىكىدە مەتبەئەدە بېسىلغان.

ئۇنداقتا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ھېكايىسى شۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرلاشتىمۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق!

تۈرك دۇنياسىنىڭ شاھانە ئەسىرى بولغان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تەبىئىي ھالدا تۈرك دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا سەۋەب بولدى ھەمدە تۈركىيەنىڭ سىرتىدىكى تۈرك ئەللىرىدىكىلەرمۇ بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا تۇتۇندى. تۈرك دۇنياسىدا، ئەزەربەيجان تۇنجى بولۇپ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇندى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزەربەيجان شۆبىسى خالىد سەئىد خوجايېفنى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى. خوجايېف 1935~1937 ـ يىللىرى بۇ ۋەزىپىنى تاماملىغان بولسىمۇ، ئەمما خوجايېف ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن «مۇكاپات» ئۆلۈم بولدى.

ئۇيغۇرلار 1944 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغاندا، ئەڭ دەسلەپكى ئىشلار قاتارىدا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا تەرجىمە قىلىش (ئۆزلەشتۈرۈش) ئىشىنى باشلىدى ۋە بۇ خىزمەتكە داڭلىق ئالىم ئىسمائىل داموللام تەيىنلەندى. بىرىنچى تومنىڭ تەرجىمىسى تاماملىنىپ بولغاندا، رۇسىيە بىلەن خىتاينىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلدى ۋە ئىسمائىل داموللام ئۆلتۈرۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان قىزىل خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى سەيدۇللاھ سەيپۇللايوف مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، مەشھۇر شائىر ۋە تارىخچى ئەھمەد زىيائىنى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى تەرجىمە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1952~1954 ـ يىللار ئارىلىقىدا، دىۋاننىڭ تەرجىمىسى تاماملىنىپ، بېسىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئەۋەتىلدى ۋە بېسىش چىقىملىرىمۇ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ خامچوتىدىن ئاجرىتىلدى. لېكىن، بېيجىڭ دائىرىلىرى ئەھمەد زىيائىغا «ئەكسىئىنقىلابچى ۋە مىللەتچى»لىق قالپىقىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى يىگىرمە يىللىق ئېغىر قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى، ئەھمەد زىيائى تۈرمىدە قىيىن ـ قىستاقتا ئۆلۈپ كەتتى، دىۋاننىڭ بارلىق تەرجىملىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇشى 1960~1963 ـ يىللىرىدا، خىتاي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلدى. ئەمما، كېيىن ئۇيغۇر سايرانى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىمۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەرجىمىنىڭ تېكىستلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. لېكىن، بۇنچە مۈشكۈلاتقا قارىماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ دىۋانغا بولغان قىزىقىشى تۈۋەنلىمەستىن، تېخىمۇ كۈچەيدى. ئاۋام ۋە زىيالىيلارنىڭ كۈچلۈك

**تەلپىگە بىنائەن، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئىبراھىم مۇتىئى باشچىلىقىدا، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللاھ، ئابدۇرەشىت كېرىم سايىت، ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى، ھەلىم سالىھ، ھاجى نۇر ھاجى، ئوسمان مۇھەممەد نىياز، ئىمىن تۇرسۇن، سابىت روزى، مۇھەممەت ئىمىن ۋە مىرسۇلتان ئوسمانوفتىن تەركىب تاپقان 12 كىشىلىك گۇرۇپپا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى ۋە دىۋاننىڭ مەزكۇر تەرجىمىسى 1981~1984 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۈچ توملۇق ھالەتتە ئون مىڭ نۇسخا بېسىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قازاقىستان ۋە ئەزەربەيجاندىمۇ نەشر قىلىندى.**

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

https://www.pressturk.com/yazarlar/gunun-yazisi/ugruna-nice-bilim-insaninin-olduruldugu-kitap-divan-i-lugatu-t-turk/2623/


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئۇكرائىنا قەھرىمانلىرى

# رۇس تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلغان ئۇكرائىنا قەھرىمانلىرى

رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغىنىغا، شۇنداقلا ئۇكرائىنانىڭ بۇ غالجىر ئىشغالىيەتچىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقىنىغا ھەش-پەش دېگۈچە بەش ئاي بولۇپ قالدى. ئەڭ دەسلەپتە، رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەت ۋە تەھلىلچىلەر تەرىپىدىن «قىسقا مۇددەت ئىچىدە رۇسىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى بىلەن ئاياغلىشىدۇ» دەپ قارالغان، ھەتتا ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى كۈچ پەرقىنىڭ تولىمۇ زورلۇقى سەۋەبلىك «پىل بىلەن چۈمۈلە ئارىسىدىكى ئۇرۇش» دېيىلگەن بۇ ئۇرۇش ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

ئەلۋەتتە، ئۇكرائىنانىڭ ئۆزىدىن نۇرغۇن ھەسسە كۈچلۈك رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ تىنىمسىز ھۇجۇملىرى ئالدىدا بۇنچە ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلىشىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ تۈرلۈك قورال-ياراغ ۋە ئىقتىسادىي ياردەملىرىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، تېخىمۇ مۇھىمى، «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» دېگەندەك، ئەگەر ئۇكرائىنا ئارمىيەسى ۋە خەلقى تاجاۋۇزچى كۈچ ئالدىدا بۇ قەدەر مۇرەسسەسىز، قەتئىي، قورقۇمسىز مەيداننى كۆرسىتەلمىگەن بولسا، غەرب ئەللىرى بىۋاستە ئەسكەر چىقارماي، قورال-ياراغ ياردەم قىلىش ئارقىلىقلا ئۇكرائىنانىڭ رۇس تاجاۋۇزىغا بۇنچە ئۇزۇن بەرداشلىق بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلالمىغان بولاتتى.

گەرچە ھازىرغىچە، بەش مىليوندىن كۆپرەك ئۇكرائىنالىق قوشنا دۆلەتلەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، يەنە مىليونلىغان خەلق ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلماي، ھەتتا بەزىلىرى چەتئەللەردىن قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئارمىيەسى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماستىن ۋەتىنىنى قوغداش مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا. بۇ جەرياندا، 200 دىن ئارتۇق ئۇكرائىنا ئەسكىرىگە ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى تەرىپىدىن شەرەپ ئوردېنى بېرىلدى؛ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز نەپىرىگە «ئۇكرائىنا قەھرىمانى» (بۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ تاجاۋۇزغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان پۇقرالارمۇ بار) دەپ نام بېرىلدى.

تۆۋەندە بىز مەزكۇر مۇجادىلىگە ئىشتىراك قىلغان، خەلق ئارىسىدىن چىققان ئۆزگىچە مىللىي قەھرىمانلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بەزىلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

### 1. ۋىياچېسلاۋ، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى

جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى ۋىياچېسلاۋ 24 ـ فېۋرال كارپاسىيان تاغ تىزمىسىدىكى خوۋېرلا تېغىغا چىقىشنى پىلانلاۋاتقانىدى. ئۇ ئەتىگەنلىك خەۋەردىن رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال كىيېۋغا قايتىپ كەلدى.

ۋىياچېسلاۋ 2014~2015 ـ يىللىرىمۇ ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي چېگراسىنى قوغدىغانىدى. ھازىر ئۇ كىيېۋدا چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى رۇسىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئەترەتلىرىنى يوقىتىشقا مەسئۇل بولغانىدى.

ھالبۇكى، ۋىياچېسلاۋ ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋەزىپىسى سەۋەبلىك، ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى تەرك ئەتمىدى.

«مەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن <يىراق مۇساپىلىق دەرس> ئۆتۈشكە باشلىدىم. 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مەن تور دەرسخانىسىغا يەتمىش ئادەم يىغدىم. بىز بالىلارغا تەسەللى بەردۇق، ئۇلارغا ئۇرۇشنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇق ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار چاقچاقلارنى قىلىشتۇق. بىز بالىلارغا ئۇكرائىنا قوراللىق قىسمىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشۇن ئىكەنلىكىنى، پۈتكۈل مەدەنىي دۇنيانىڭ بىزگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى، بىزنىڭ غەلىبە قىلىشتىن باشقا تاللىشىمىز يوقلۇقىنى ئېيتتۇق» دەيدۇ ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ۋىياچېسلاۋنىڭ تروپىسنا رايونىدىكى مەكتەپىدىكىلەر ئۇ تەۋە بولغان «دۆلەت زېمىنى مۇداپىئە قىسمى» (بۇ 2014 ـ يىلى ئۇكرائىنالىق پىدائىيلاردىن تەشكىللەنگەن باتالىيوندۇر، ت) ئۈچۈن بولكا ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇشقا باشلىغان. ۋىياچېسلاۋنىڭ ئېيتىشچە، ئۇنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئانىسى مەزكۇر قىسىمدىكىلەرگە بىر قېتىمدىلا يەتمىش پىسا پىشۇرۇپ كەلگەن.

«كىشىلەر ھازىر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتى. ئۇكرائىنا خەلقى قوراللىق قىسىم بىلەن <دۆلەت زېمىنى مۇداپىئە قىسمى>نى ھەر خىل ئاماللار ئارقىلىق، جان ـ جەھلى بىلەن قوللىماقتا. <دۆلەت زېمىنى مۇداپىئە قىسمى>غا قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەردىن شەكىللەنگەن ئۆچىرەت بەش كۈندىمۇ ئاياغلاشمىدى. بىزنىڭ غەلىبە قىلىشتىن باشقا تاللىشىمىز يوق. بۇ بىزنىڭ ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ زېمىنى! بىزنىڭ قاچقۇدەك يېرىمىز يوق. بىز بالىلىرىمىز ۋە نەۋرىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ ئۇ.

### 2. ۋىتالى، لېيتېنانت، ئۇكرائىنا قەھرىمانى

ئۇكرائىنادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر پۇتبول كۇلۇبلىرىدىن بىرى بولغان «دونېتسك كان ئىشچىلىرى كۇلۇبى» لۇئۇۋ شەھىرلىك ياش پۇتبولچى ۋە كارپاتى باللار پۇتبول كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولغان ۋىتالىنى ئۆز كۇلۇبىغا تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن، ۋىتالى ئۇكرائىنا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە كىرىشنى قارار قىلدى.

21 ياشلىق لېيتېنانت ۋىتالى ساپىلو تانكا ۋوزۋودىنىڭ كوماندىرى بولدى ۋە دۈشمەننىڭ ئوتتۇز پارچە ئۈسكۈنىسىنى كاردىن چىقاردى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى ئۇنىڭغا ــ ۋاپاتىدىن كېيىن ــ «ئۇكرائىنا قەھرىمانى» دەپ نام بەردى. ئۇ 25 ـ فېۋرال ئۇكرائىنا ـ بېلارۇسىيە چېگراسىغا يېقىن جايدىكى ھاۋا ھۇجۇمىدا ئۆلتۈرۈلدى. رۇسىيەنىڭ بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ئۇ ھەيدىگەن تانكىنى پاچاقلاپ تاشلىغانىدى.

«ئۆلار (يەنى ۋىتالىنىڭ ۋوزۋودى) ئالدىدا ماڭغانىكەن، شۇ چاغدا SU ـ 25 كۈرەشچى ئايروپىلانى يېتىپ كەپتۇ. بۇ بىۋاستە زەربە بولغاچقا، نەۋرەم ئەجەللىك يارىلىنىپتۇ. ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى، يەنى ھاياتىنى قۇربان قىلدى. ئۇ ئۇكرائىنانىڭ قەھرىمانى، قەھرىمانلار ئۆلمەيدۇ» دېدى ۋىتالىنىڭ بوۋىسى مىكولا ساپىلو.

ۋىتالىي لىۋىۋ شەھرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان يۇرتى سوكىلنىكىي كەنتىگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا نەچچە يۈزلىگەن كەنت ئاھالىسى قاتناشقان. 2014 ـ يىلى، بۇ يېزا يەنە بىر قەھرىمانى ئاندرېي دىگدالوۋىچتىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ۋىتالى ئۇنى ناھايىتى ئوبدان تونۇيتتى، چۈنكى ئاندرېي ئۇنىڭ پۇتبول مەشقاۋۇلى ۋە 2014 ـ يىلىدىكى «ئىززەت ئىنقىلابى»دا (Revolution of Dignity ــ 2014 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۇكرائىنادا، «ياۋروپا مەيدانى» نامايىشىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇكرائىنانىڭ پايتەختى كىيېۋدا نامايىشچىلار بىلەن بىخەتەرلىك قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئەجەللىك توقۇنۇش سايلام ئارقىلىق تەختكە چىققان، رۇسىيەپەرەس پرېزىدېنت ۋىكتور يانۇكوۋىچنىڭ تەختتىن غۇلىتىلىشى ۋە ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان، ت) ئۆلتۈرۈلگەن يۈز قەھرىماننىڭ بىرى ئىدى.

### 3. خېنادىي بۇتكېۋىچ، مىليونېر

خېنادىي BGV گورۇھىنىڭ خوجايىنى ۋە قۇرغۇچىسى، شۇنداقلا ئۇكرائىنادىكى ئەڭ چوڭ زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنىڭ بىرى بولغان ATB نىڭمۇ خوجايىنىدۇر. ئۇ بۇ يىل 63 ياشتا بولۇپ، 530 مىليون دوللار قىممىتىدە بايلىقى بار. ئۇ فوربېسنىڭ «ئەڭ باي 100 ئۇكرائىنالىق» تىزىملىكىدە 15 ـ ئورۇنغا تىزىلغان.

رۇسىيە ئۇكرائىنىغا ئۇرۇش قوزغىغاندا، خېنادىي «دۆلەت زېمىنى مۇداپىئە قىسمى»غا قاتناشقان ۋە ئۆز شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بارلىق خىزمەتچىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەپ، تۆۋەندىكىدەك مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلغان:

«مەن خىزمەتچىلىرىمىزگە، خىزمەتداشلىرىمغا، قورال تۇتۇشنى خالايدىغان ۋە ئۇنى قانداق تۇتۇشنى بىلىدىغانلارغا مۇراجىئەت قىلىمەنكى: مەن سىلەرنى <دۆلەت زېمىنى مۇداپىئە قىسمى>غا قاتنىشىشقا؛ بىزلەر

نۇرغۇن يىللار مابەينىدە بىرلىكتە قۇرغان ۋە ھەر بىرىمىز شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغان ۋە زوقلىنىدىغان نەرسىنى (يەنى ئانا ۋەتەننى) قوغداشقا چاقىرىمەن.»

شىركەتنىڭ ئورگان تور بېتىگە كۆرە، ATB تاللا بازارلىرىدا ئاتمىش مىڭ ئادەم ئىشلەيدىكەن. خېنادىينىڭ قىزىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن پىدائىيلار سېپىگە قوشۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ، دورا ۋە يېمەكلىك تېپىشىغا ياردەم بەرگەن.

«بىز چوقۇم بۇ دۆلەتنى قايتا قۇرۇپ چىقىمىز. غەلىبە قولىمىزغا كەلگەن ھامان، بىز داۋاملىق ئۆزگىچە يېڭى پروجېكتلارغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرلەرگە مەبلەغ سالىمىز. ئەمما بۈگۈن بىز چوقۇم (ۋەتەننى) جان-جەھلىمىز بىلەن قوغدىشىمىز ۋە جان-جەھلىمىز بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ ئۇ.

### 4. يېۋھېن، لېيتېنانت، ئۇكرائىنا قەھرىمانى

يېۋھېن پالچېنكو 23 ياشتا بولۇپ، ۋىننىتسىيا رايونىنىڭ رايخورود دېگەن كىچىك بازىرىدا تۇغۇلغان. بۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۇكرائىنا ئارمىيەسىدە تانكا ۋوزۋودىنىڭ كوماندىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇكرائىنانى رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداۋاتىدۇ.

3-مارت، پرېزىدېنت زېلېنسكى يېۋھېنغا «ئۇكرائىنا قەھرىمانى» نامىنى بەردى. يېۋھېن تەۋە بولغان بىرىگادا رۇس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغاندا، ئۇشبۇ ياش كوماندىر باتۇرلۇق بىلەن بىرىگادانىڭ چىقىش ئېغىزىنى قوغداپ، سەپداشلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغانىدى.

3-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى پەرمان ئىمزالاپ، يېۋھېن ۋە باشقا 14 نەپەر جەڭچىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇلارغا «ئۇكرائىنا قەھرىمانى» نامىنى بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ توققۇز نەپىرى شۇ چاغدا ئۆلۈپ بولغانىدى.

ھازىر يېۋھېن خېرسون شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا داۋاملىق ۋەتىنىنى قوغدىماقتا.

### 5. لېس ياكىمچۇك، 29 ياش، فىلىم ئىشلىگۈچى

ئۇرۇش پارتلىغاندا، ئامېرىكادىكى ئوخايو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقىنىغا ئالتە ئاي بولغان لېس ياكىمچۇك ئۇكرائىناغا قايتىشنى قارار قىلدى.

«بۇ ناھايىتى ئىتتىكلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار ئىدى. ئاپىكىز رۇسلار تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىۋاتقان شەھەرگە قاپسىلىپ قالغاندا، مەنتىقىلىق قارار چىقىرىشىڭىز مۇمكىن بولماي قالىدۇ. مەن پولشا ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتۈپلا ئەندىكىپ كەتتىم. قايتىشىمغا يول يوقلۇقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، ئەركەك بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەمدى دۆلىتىمنى تاشلاپ قويالمايتتىم. لېكىن، مەن بۇنىڭغا رازى ئىدىم. بۇ

**ئۇرۇشتا غەلبە قىلدىغانلىقىمىزنى بىلىمەن. ئەمەلىيەتتە، بىز بۇ ئۇرۇشتا مەنىۋىيەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاللىقاچان غەلبە قىلدۇق» دەيدۇ ئۇ.**

**دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە دۆلەتلەردىن بىرى بولمىش رۇسىيەگە قارشى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇكرائىنا پۇقرالىرىدىن يەنە نەچچە يۈز، نەچچە مىڭنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن.**

**خەلق ئارىسىدىن چىققان، تۈرلۈك تەبىقە ۋە ساھەلەرگە تەۋە بولغان كىشىلەرنىڭ قارىماققا ئاددىي، ئەمما مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتلىق مۇجادىلىسى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مانا مۇشۇنداق ئىش ـ ئىزلىرى، بېغىشلاش روھى، ۋەتەن سۆيگۈسى ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىقكە تەلپۈنىدىغان ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ.**

**سۆزىمىزنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قەلىمىدىن تامغان ئۇشبۇ مىسرالار بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن:**

جان نېمە، جانان نېمە، ۋەتەن نېمە؟
ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە؟
يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ،
گۈش بىلەن سۆڭەك ھەمدە بۇ تەن نېمە؟

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

**مەنبە:**

https://euromaidanpress.com/2022/03/10/from-retiree-to-millionaire-7-stories-of-heroism-during-the-war-in-ukraine-hero-of-ukraine/

https://www.latimes.com/world-nation/story/2022-04-15/voices-from-ukraine-how-russias-invasion-turned-everyday-people-into-heroes



# خىتاينىڭ دېڭىز كېڭەيمىچىلىكى

# ختاي خەلقئارالىق دېڭىز ئالاقىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ؟

ئامېرىكا ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى (CSIS)

تەرجىماندىن ئىلاۋە: ختايلارنىڭ قەدىمىي ئەسىرى بولمىش «سۈنزىنىڭ ھەربىي دەستۇرى»دا «ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلسەڭ، جەڭلەردە مەغلۇپ بولمايسەن» دېگەن سۆز بار.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ مەلۇم بىر مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى شۇ ئىشنىڭ ۋەزنىگە بولغان تونۇشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېچكىم زۇكام بىلەن راك كېسىلىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە بىخۇدلاشماسلىق، بوشاشماسلىق ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئىمكانقەدەر ئۆز پېتى تونۇپ يېتىش ئوبيېكتىپ پىلان تۈزۈش ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتۈشتە ئىنتايىن زۆرۈر.

ئامېرىكادىكى داڭلىق تاشقى سىياسەت ئاقىللار ئامبىرىدىن بىرى بولغان «ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى» تەرىپىدىن تەييارلانغان، ختاينىڭ خەلقئارالىق دېڭىز قاتنىشى ساھەسىدىكى ئەمەلىي كۈچى تونۇشتۇرۇلغان مەزكۇر ماقالە ئەنە شۇ مەقسەتتە تەرجىمە قىلىنىپ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنۇلدى.

نەچچە ئون يىللىق ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركەزلىك كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە، ختاي ئۆزىنى خەلقئارا دېڭىز سودىسىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دېڭىز ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى ختايغا راۋۇرۇس ئىقتىسادىي نەپ بەرگەندىن سىرت، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ختاي ھۆكۈمىتىنى خەلقئارالىق مال ئوبوروتىغا قارىتا تېخىمۇ زور تەسىر كۈچىگە ئىگە قىلدى. ختاي رەھبەرلىرى دۆلەتنىڭ بايلىقىغا تايىنىپ، دېڭىزدىكى خەلقئارالىق باغلىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ئۈرۈنۈۋاتىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە پورت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۈچەۋاتىدۇ.

## ختاينىڭ دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پورتلىرى

ختاي ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈشى زور دەرىجىدە نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئېكسپورت مىقدارىنىڭ شىددەت بىلەن ئاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. خەلقئارالىق سودىنىڭ سەكسەن پىرسەنتكە يېقىن قىسمىنىڭ سۇ ترانسپورتىغا تايىنىشىغا ئەگىشىپ، دېڭىز ترانسپورت تورىدىن

ياخشى پايدىلىنىش ئىزچىل ھالدا خىتاينىڭ ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ يادروسى بولۇپ كەلدى.

خىتاي ماللارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە كىرىپ - چىقىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قايناق پورتلارنى قۇرۇپ چىقتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ۋە ئۆلارنىڭ چوڭ ھەجىملىك يۈك ساندۇقى (كونتېينېر) پورتلىرىنى، شۇلارنىڭ مەۋجۇت نۆۋەتچى پاراخوت لىنىيەلىرى بىلەن بولغان بىر پۈتۈنلىشىش دەرىجىسىگە ئاساسەن باھالايدىغان «نۆۋەتچى پاراخوت سۇ ترانسپورتى باغلىنىش كۆرسەتكۈچى»گە (LSCI) كۆرە، خىتاينىڭ كونتېينېر (چوڭ ھەجىملىك يۈك ساندۇقى) پورتلىرىدىن بىر قانچىسى دۇنيادىكى باغلىنىشچانلىقى ئەڭ يۇقىرى پورتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

2021 - يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە، «نۆۋەتچى پاراخوت سۇ ترانسپورتى باغلىنىش كۆرسەتكۈچى»دىن (LSCI) ئورۇن ئالغان ئالدىنقى 100 پورتنىڭ ئونى خىتايدا ئىدى. ئەگەر خوڭكوڭنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىساق، بۇ سان 11 گە چىقاتتى. ئالدىنقى يۈز پورتنىڭ ئىچىدە توققۇز پورتقا ئىگە بولغان ئامېرىكالا بۇ جەھەتتە خىتايغا يېقىن كېلەلەيتتى. لېكىن، خىتايدىكى بۇ 11 پورتنىڭ ئوتتۇرىچە باغلىنىشچانلىق نومۇرى 60.6 بولۇپ، ئامېرىكا پورتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باغلىنىشچانلىق نومۇرى بولغان 44.5 دىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئىدى.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ سۇ ترانسپورتىدىكى باغلىنىشچانلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى (پورت سانى جەھەتتىلا ئەمەس) دۆلەت قاتلىمىدا تېخىمۇ بەك گەۋدىلىكتۇر. «نۆۋەتچى پاراخوت سۇ ترانسپورتى باغلىنىش كۆرسەتكۈچى» (LSCI) ھەربىر دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سۇ ترانسپورتى باغلىنىشچانلىقىغا قارىتامۇ ئايرىم - ئايرىم نومۇر قويغان بولۇپ، 2021 - يىلى 1 - پەسلىدە، خىتاينىڭ «نۆۋەتچى پاراخوت سۇ ترانسپورتى باغلىنىش كۆرسەتكۈچى»دە ئالغان نومۇرى 164 بولۇپ، بۇ سىنگاپور (113)، كورېيە (108)، ئامېرىكا (106) ۋە مالايسىيا (100) قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ زورايماقتا. 2006 - يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىن 2021 - يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىگىچە، خىتاينىڭ LSCI نومۇرى 64 پىرسەنتكە يېقىن ئۆرلىدى. ھالبۇكى، ئالدىنقى قاتاردىكى باشقا بەش دۆلەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە ئۆرلەش نىسبىتى 46 پىرسەنت بولغان. ئامېرىكانىڭ بولسا ئارانلا 33 پىرسەنت بولۇپ، تەخمىنەن خىتاينىڭكىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگەن.

خىتاينىڭ ئۆز پورتلىرىغا كىرىپ - چىقىدىغان زور مىقداردىكى كونتېينېرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ LSCI كۆرسەتكۈچىدىكى ئىپادىسىنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى ھالقىلىق ئامىلدۇر. 2019 - يىلى، خىتايدىكى پورتلار يىگىرمە فۇتلۇق ئۆلچەملىك كونتېينېردىن 242 مىليون دانىگە باراۋەر كېلىدىغان مالنى بىر تەرەپ قىلغان بولۇپ، بۇ شەرقىي ئاسىيادىكى ۋە تىنچ ئوكياندىكى باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ پورتلىرى بىر تەرەپ قىلغان ماللارنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ (يىگىرمە فۇتلۇق ئۆلچەملىك كونتېينېردىن 212

مىليون 100 مىڭ دانىگە باراۋەر) كۆپ، شۇنداقلا بۇ ئامېرىكا پورتلىرىنىڭ كونتېينېر بىر تەرەپ قىلىش مىقدارىنىڭ (يىگىرمە فۇتلۇق ئۆلچەملىك كونتېينېردىن 55 مىليون 500 مىڭ دانىگە باراۋەر) تۆت ھەسسىسىدىنمۇ كۆپتۇر. شۇنداقلا، خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئومۇمىي كونتېينېر بىر تەرەپ قىلىش مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 2010-يىلىدىكى 24.3 پىرسەنتتىن ئۆرلەپ، 2019-يىلى 29.8 پىرسەنتكە يەتتى.

2019-يىلى، شاڭخەي پورتى خىتايغا كىرىپ-چىققان ئومۇمىي كونتېينېرلارنىڭ 16.6 پىرسەنتىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان. شاڭخەي پورتى خىتايدىكى ئەڭ چوڭ پورت بولۇشتىن سىرت، 2010-يىلى سىنگاپور پورتىدىن ئېشىپ، ئىزچىل ھالدا دۇنيادىكى ئەڭ قايناق پورت بولۇپ كەلمەكتە. 2019-يىلى، شاڭخەي پورتىدىن سىرت، نىڭبو-جوۋشەن (ئۈچىنچى ئورۇندا)، شېنجېن (تۆتىنچى ئورۇندا)، گۇاڭجوۋ (بەشىنچى ئورۇندا)، چىڭداۋ (يەتتىنچى ئورۇندا)، خوڭكوڭ (سەككىزىنچى ئورۇندا) قاتارلىق ئالتە خىتاي پورتى دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋات ئون پورت قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئەڭ ئاۋات ئون پورت قاتارىدىغان ئورۇن ئالغان، خىتايغا تەۋە بولمىغان پورتلار سىنگاپور پورتى (ئىككىنچى ئورۇندا)، كورېيەدىكى بۇسان پورتى (ئالتىنچى ئورۇندا) ۋە گوللاندىيەدىكى روتتېردام پورتى (ئونىنچى ئورۇندا)دۇر. مەزكۇر پورتلارنىڭ LSCI كۆرسەتكۈچىدىكى نومۇرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى، ئەلۋەتتە.

خىتاي پورتلىرىنىڭ (خەلقئارا دېڭىز ترانسپورتىدا) بۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى نوقۇل ھالدا ئۇلارنىڭ كۆلىمىنىڭلا مەھسۇلى بولماستىن، مەزكۇر پورتلار ئۆز نۆۋىتىدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ پورتلىرىدىن ئېخىمۇ ئۈنۈمداردۇر. «ب د ت سودا ۋە تەرەققىيات مەجلىسى»نىڭ (UNCTAD) سانلىق مەلۇماتلىرىغا كۆرە، 2020-يىلى كونتېينېرلارنىڭ خىتاي پورتلىرىدىكى ئوتتۇرىچە توختاش ۋاقتى 0.62 كۈن بولغان. گەرچە بۇ ياپونىيە (0.34 كۈن) ۋە دانىيە (0.45 كۈن) قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئاستا بولسىمۇ، لېكىن سىنگاپور (0.8 كۈن) ۋە ئامېرىكا (1.03 كۈن) قاتارلىق رىقابەتچىلىرىنىڭكىدىن تېز بولغان. ھالبۇكى، (كونتېينېر قاچىلىنىدىغان) يۈك پاراخوتلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىمۇ كونتېينېرلارنى قاچىلاش-چۈشۈرۈش سۈرئىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. خىتاي پورتلىرىدا توختايدىغان پاراخوتلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نىسبەتەن چوڭ ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاي پورتلىرىنىڭ يۈك بېسىش-چۈشۈرۈش ئۈنۈمىنى يەنىلا رىقابەتچىلىرىنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ.

| دۆلەت | ئۈنۈمدارلىق (ھەركۈنى بىر تەرەپ قىلىنىدىغان يىگىرمە فۇتلۇق ئۆلچەملىك كونتېينېر سانى) |
| --- | --- |
| خىتاي | 7479 |
| سىنگاپور | 6535 |
| ئامېرىكا | 5191 |

| | |
|---|---|
| 5061 | دانىيە |
| 4765 | ياپونىيە |

يېقىنقى ئېھتىقاندا، دۇنيا مىقياسىدىكى پورتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي سۇ ترانسپورتى باغلىنىشچانلىقى جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. خىتاي پورتلىرى كۆپىنچە رىقابەتچىلىرىنىڭكىدىن ئاۋات، ئۈنۈمدار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ باشقا ئەللەرگە بولغان ئەۋزەللىكى يىلسېرى زورايماقتا.

## خىتاينىڭ سودا ساھەسىدىكى دېڭىز كۈچىگە بولغان تەلپۈنۈشى

گەرچە خىتاي پورتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتتىكى پورت ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە خىتاي رەھبەرلىرى ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان.

دېڭىز كۈچى زور دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «دېڭىز قىرغىقى بار بولۇش»تىن ئىبارەت ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار. خىتاينىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 مىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇق جەھەتتە دۇنيادا ئونىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە كانادا (202 مىڭ 80 كىلومېتىر) ۋە رۇسىيە (37 مىڭ 653 كىلومېتىر) قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى خىتاينىڭكىدىن ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىلبويى قوللانغىلى بولۇش (مۇز تۇتماسلىق)تەك ئەۋزەللىككە ئىگە. تېخىمۇ مۇھىمى، خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ باي نوپۇس مەركەزلىرى ئۇنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ چوڭ پورتلارنى قۇرۇشنى ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ زور مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلغان.

گەرچە جۇغراپىيەلىك ئورۇن ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، خىتاي پورتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سىلجىتىش جەھەتتە خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ تۆھپىسى زور. خىتاي رەھبەرلىرى ئۇزۇندىن بۇيان خىتاينىڭ ئىزچىل ئېشىۋاتقان خام ماتېرىيال ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان ھەمدە ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلغان ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان پورتلارنى قۇرۇش ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ كەلگەنىدى. مەسىلەن، خىتاينىڭ 1981 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئالتىنچى بەش يىللىق يىرىك پىلان»دا دېڭىز قىرغىقىدىكى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى پورتلارنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە كۆمۈر ترانسپورتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش تەكىتلەنگەنىدى.

يېقىنقى يىللاردا، خىتاي رەھبەرلىرى خىتاينى ئۆزىنىڭ دېڭىزدىكى ھەربىي ۋە سودا مەنپەئەتىنى زورايتالايدىغان «دېڭىزدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تېخىمۇ چوڭ غايىنى ئوتتۇرىغا

قويدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى 17 ـ قۇرۇلتىيىدا، ئەينى چاغدىكى خىتاي رەئىسى خۇ جىنتاۋ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاينى «دېڭىزدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە «خىتاينىڭ دېڭىز بايلىقلىرىنى قېزىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش»كە ۋە «دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىسادىنى (marine economy) تەرەققىي قىلدۇرۇش»قا چاقىرىق قىلغانىدى. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭمۇ مەزكۇر چاقىرىققا كۆپ قېتىم ئاۋاز قوشۇپ، «ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەت ئۆز نۆۋىتىدە چوقۇم دېڭىزدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت ۋە سۇ ترانسپورتىدىكى كۈچلۈك دۆلەت بولۇشى كېرەك» دەپ تەكىتلىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور مەبلەغ ئاجراتتى. 2012 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭى پورت ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە ۋە مەۋجۇت پورت ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلاشقا تەخمىنەن بىر تىرىلىيون خىتاي پۇلى (تەخمىنەن 153 مىليارد دوللارغا باراۋەر) ئاجراتتى. ھالبۇكى، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە بارلىق سۇ ترانسپورتى ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە ئاجراتقان مەبلىغى 110 مىليارد دوللارغا يەتمەيدۇ.

مەزكۇر سېلىنمىلارغا خىتاي ئىقتىسادى ۋە سودىسىنىڭ ئىزچىل ئېشىشى قوشۇلۇپ، خىتايدىكى ئاساسلىق پورتلاردىكى پائالىيەتلەرنىڭ شىددەت بىلەن جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 2000 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، خىتايدىكى ئالدىنقى بەش پورت بىر تەرەپ قىلغان ئومۇمىي يۈك مىقدارى ئالتە ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ، ئەسلىدىكى 613.3 مىليون توننىدىن ئۈچ مىليارد 500 مىليون تونناغا چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە، نىڭبو ـ جوۋشەن پورتىدىكى يۈك مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئەڭ روشەن بولۇپ، مەزكۇر پورت 2008 ـ يىلى شاڭخەيدىن ھالقىپ، ئومۇمىي يۈك (بۇ كونتېينېرغا قاچىلانغان يۈكلەردىن سىرت، كۆمۈر، پولات، سۇيۇقلاندۇرۇلغان تەبىئىي گاز، نېفت قاتارلىق كونتېينېرغا قاچىلانمايدىغان يۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مىقدارى جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئاۋات پورتقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، نىڭبو ـ جوۋشەن پورتىدىكى يۈك مىقدارى تېخىمۇ تېز ئېشىپ، 2008 ـ يىلدىكى 520 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 2019 ـ يىلدىكى بىر مىليارد 120 مىليون تونناغا يەتتى.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى پورتلىرىدىكى يۈك مىقدارىنىڭ بارغانسېرى ئېشىشى نۇرغۇن خىتاي پورتلىرىنىڭ ناباب پىلانلاش سەۋەبلىك يېتەرلىك ئىشلىتىلمەيۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى يوشۇرۇپ تۇرماقتا. 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ پورتلارنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى تەرتىپسىز تەرەققىيات ئەسەبىيلىكىگە سەۋەب بولدى. نۇرغۇن ئەمەلدارلار (ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان) يەرلىك رايونلارنىڭ GDP سىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، يېتەرلىك دەرىجىدە سودا ئېھتىياجى يوقلۇقىغا قارىماستىن، بەس ـ بەستە چوڭ تىپتىكى پورتلارنى قۇرۇشتى.

بۇ مەسىلىلەر خىتاي دائىرىلىرىنى پورتلارنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىنى ۋە قۇرۇلۇش ئىسراپچىلىقىنى تۈۋەنلىتىش مەقسىتىدە، پورتلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى رايون قاتلىمىدا باشقۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. خىتاينىڭ 2016 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان»ىدا «دېڭىز ئىشلىرىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىشتىكى يېڭى ئەندىزە» بەرپا قىلىش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەزكۇر پىلاندا، خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي، شەرقتىكى چاڭجياڭ دېلتىسى، شەرقىي جەنۇبتىكى جۇجياڭ دېلتىسىدىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئۈچ ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى بىلەن تېخىمۇ ياخشى بىر گەۋدىلەشكەن «پورتلار توپى» قۇرۇش نىشانلاندى. خىتاينىڭ 2021 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان»ىدىمۇ ئوخشاش چاقىرىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2021 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى يەنە «مەملىكەتلىك ئۈنىۋېرسال ستېرېئولۇق قاتناش تورى پىلانى»نى ئېلان قىلدى، مەزكۇر پىلاندا 2035 ـ يىلغىچە خىتاينىڭ ئۇل مۇئەسسەسە سىستېمىسىنى تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە يېشىللاشتۇرۇش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەزكۇر پىلاندا يەنە خىتاي پورتلىرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سۈنئىي ئىدراك ۋە «ئەشيا تورى» (Internet of Things) قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەندى. ئۇنىڭدا يەنە خىتاينىڭ 2035 ـ يىلغىچە چوڭ دېڭىز قىرغىقى پورتىدىن 27 سىگە ۋە چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا پورتىدىن 36 سىگە ئىگە بولۇش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## خەلقئارالىق باغلىنىشچانلىقنى كۈچەيتىش

خىتاينىڭ خەلقئارالىق دېڭىز ئالاقىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۇرۇنۇشى ئۇزۇن چېگراسىدىلا ئاخىرلاشمايدۇ. شى جىنپىڭ دەۋرىدە، خىتاينىڭ دۆلەت كارخانىلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئون نەچچە پورتقا مەبلەغ سېلىش ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشتىراك قىلدى. خىتاينىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ كۆلىمى ئۆزىنىڭ مەبلەغ قوبۇل قىلغۇچى دۆلەتلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن تەسىرى ۋە خىتاينىڭ كونسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي نوپۇزىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تەسىرى ھەققىدىكى سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى نۇرغۇن پورت تۈرلىرىنىڭ يادروسى «دېڭىزدىكى يىپەك يولى»دۇر (Maritime Silk Road). 2013 ـ يىلى يولغا قويۇلغان «دېڭىزدىكى يىپەك يولى» پروجېكتى، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ دېڭىزدىكى بۆلۈكىدۇر. «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» بولسا خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان تېخىمۇ چوڭ پروجېكتتۇر.

مەلۇم بىر مۆلچەرگە كۆرە، 2010 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتاينىڭ «يىراق ئوكيان ترانسپورت گۇرۇھى» (中国远洋运输集团) ۋە «سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى گۇرۇھى» (招商局

集团) قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرى چەتئەل پورتلىرىغا 11 مىليارد دوللارغا يېقىن مەبلەغ سالغان. بىر تۈركۈم خىتاي تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان يەنە بىر تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي شىركەتلىرى (2010 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە بولغان) مۇشۇ مەزگىلدە سەكسەندىن ئارتۇق پورت تۈرى ئىمزالىغان بولۇپ، بۇلار چەتئەلگە بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش، سېتىۋېلىش، ئىجارە بېرىش ۋە قۇرۇلۇش توختاملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن ۋە مەزكۇر سودا كېلىشىملىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى (تېخى پۈلى تاپشۇرۇلمىغان سودىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتمىش مىليارد دوللارغا يېقىن ئىكەن.

ھالبۇكى، خىتاي قوللىغان نۇرغۇن تۈرلەر پىلان بويىچە باشلانمىدى. پاكىستاندا، خىتاي ئۆزىنىڭ گۋادار پورتىغا توختىماي سېلىنىۋاتقان مەبلەغلىرىنى «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ بايراقدار تۈرى بولغان «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى»نىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ داۋراڭ سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، گۋادار پورتى ئېغىر دەرىجىدە بىكار قالغاچقا، پاكىستان ھۆكۈمىتى مەزكۇر پورتنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ۋە ئەتراپتىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن 2021 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

گۋادار پورتىدىكى ئۆلۈغۋار غايىلەرنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقى LSCI كۆرسەتكۈچىدىمۇ ئەكس ئەتكەن بولۇپ، مەزكۇر پورتنىڭ 2019 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىكى ئەسلىدىنلا ناھايىتى تۆۋەن بولغان 6.1 نومۇرى 2021 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىگە كەلگەندە 4.6 گە چۈشۈپ قالغان.

خىتاينىڭ باشقا ئاساسلىق تۈرلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. 2013 ـ يىلى، خىتاينىڭ «سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى پورت پاي چېكىنى كونترول قىلىش چەكلىك شىركىتى» (招商局集团港口控股有限公司) تانزانىيە بىلەن باگامويو پورتى ۋە شۇنىڭغا ياندىشىدىغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قۇرۇلۇشى توغرىسىدا رامكا كېلىشىمى (Framework agreement ـــ رامكا كېلىشىمى: ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىمزالانغان، ئىككى تەرەپنىڭ بارلىق مەسىلىلەردە ئاخىرقى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بولالمىغانلىقىنى؛ پەقەت يېتەرلىك دەرىجىدىكى مەسىلىلەردە بىردەكلىك ھاسىل قىلغانلىقىنى، قالغان مەسىلىلەرنىڭ كەلگۈسىدە مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەسلەپكى كېلىشىمدۇر، ت) ئىمزالىدى. ئون مىليارد دوللار قىممىتىدىكى بۇ پروجېكت تانزانىيەنى شەرقىي ئافرىقىدىكى ئاساسلىق قاتناش ۋە ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. لېكىن، تانزانىيە ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ پىلانىنى كېچىكتۈردى ۋە 2021 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە قۇرۇلۇش باشلانمىدى.

سىرىلانكادا، ھۆكۈمەتنىڭ ھامبانتوتا پورتىنى خىتاينىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا ئىجارىگە بېرىشى (تېخىمۇ ئېنىقراقى، خىتايغا بولغان قەرزىنى قايتۇرالمىغانلىقتىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى، ت) جاھان ئەھلىنى سەگىتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، سىرىلانكانىڭ خىتاي دۆلەت كارخانىلىرىغا سەككىز مىليارد دوللاردىن ئارتۇق قەرزى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مىليارد 100 مىليون دوللار ھامبانتوتا پورتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغانىدى. قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان سىرىلانكا ھۆكۈمىتى

**2017 ـ يىلى خىتاي كارخانىلىرىنىڭ قەرزنى (بىكار قىلىش ئەمەس، پەقەت) ئازايتىپ بېرىشى بەدىلىگە بۇ پورتنى خىتايغا 99 يىللىق ئىجارىگە بېرىشكە قوشۇلدى. بۇ ئىش خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەسرى ۋە كىچىك دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن زور سوممىلىق ئۇل مۇئەسسەسە تەرەققىيات كېلىشىمى ئىمزالىشىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى توغرىسدا ئەندىشىلەرنى قوزغىدى.**

**كىشىلەر يەنە ھامبانتوتا، گۋادار قاتارلىق خىتاي ياسىغان پورتلارنىڭ ھامان بىر كۈنى «خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى»نى قوللايدىغان مۇئەسسەسەلەرگە ئايلىنىشىدىن تەشۋىشلەنمەكتە. دەرۋەقە، (غەربىي ئافرىقادىكى) جىبۇتىدا دەل شۇنداق ئىش يۈز بەرگەن بولۇپ، خىتاي ئۆزى قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىۋاتقان دورالېھ سودا پورتىغا يېقىن جايدا ھەربىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرغان. «خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى»نىڭ جىبۇتىدىكى تۇنجى ئارقا سەپ بازىسى ـــ بۇ ئۆز نۆۋىتىدە خىتاينىڭ چەتئەلدىكى تۇنجى ھەربىي بازىسدۇر ـــ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئامېرىكا ھەربىي ئەمەلدارلىرى بۇ ھەقتە: «خىتاينىڭ ئاۋىياماتكىلىرى بۇ پورتتا توختىتىلىشى مۇمكىن» دەپ ئاگاھلاندۇردى.**

**باشقا ئاساسلىق دۆلەتلەرمۇ بۇ رايوندىكى پورت تۈرلىرىگە ئىشتىراك قىلىش ئارقىلىق يوشۇرۇن رەۋىشتە خىتاينى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنماقتا. 2021 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، سىرىلانكا كابىنېتى ھىندىستان ۋە ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ سىرىلانكانىڭ پايتەختىدىكى كولومبو پورتىدىكى غەربىي كونتېينېر پرىستانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ۋە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر كېلىشىمنى تەستىقلىدى. ياپونىيە يەنە كېنىيەنىڭ مومباسا پورتىدا يېڭى كونتېينېر پرېستانى ئېچىش توغرىسىدىكى چوڭ پروجېكتكە ئىشتىراك قىلغان. مەزكۇر پروجېكتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ قىممىتى 300 مىليون دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، 2021 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتكۈزۈش پىلانلانغان. گەرچە بۇ تۈرلەر خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەسىرىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەشكە پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ چەتئەللەردىكى پورتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆلىمى ۋە دائىرىسى ھىندى ـ تىنچ ئوكيان ۋە شەرقىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز ئالاقىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە داۋاملىق مۇھىم رول ئوينايدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

**مەنبە:**

https://chinapower.csis.org/china-ports-connectivity/



# قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

# ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى قەشقەر خانلىقىنىڭ
# ھەربىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى

**(بېشى ئالدىنقى ساندا)**

ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ياقۇپبەگكە ياردەم سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ھەربىي ئەمەلدارلار ئارىسىدىكى ئىسمايىل ھاككى ئەپەندى زەمبىرەكچىلەر ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى زەمبىرەكچى مايور ئەلى ئاغا، پىيادە قوشۇن مايورى يۇسۇف جەمىل ئەپەندى، مەمۇرىي خادىملاردىن زامان بەي، زەمبىرەكخانا ئۇستىلىرىدىن مىلتىقچى ھاجى مەھمەت ئەپەندى، كاپسۇللۇق ئوق-دورا ئۇستىسى ھاجى ئىسمايىل ئەپەندى ۋە ئوغلى مەھمەت ئەپەندى قاتارلىقلار قەشقەر قوشۇنىدا بىر قاتار ئىسلاھ ھەرىكەتلىرىنى باشلىغاندا، زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغانىدى. ئۇلار قوشۇننىڭ قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، قوشۇننى زامانىۋى زەمبىرەكچىلىك تەلىملىرى ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشتى. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن كەلگەن ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ قوشۇننىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا يېقىندىن قول تىققانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن سىرت، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ قەشقەر قوشۇنىنى تەربىيەلەش ۋە رۇس چېگراسىدا مۇداپىئە ئىستىھكامى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاتمىش نەپەر ھەربىي ئەمەلدار ئەۋەتكەن (60).

قەشقەر زەمبىرەكچىلەر قىسىملىرىغا مەسئۇل زەمبىرەكچى باشلىرى بار ئىدى. زەمبىرەكچى باشلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىككى نەپەر يۈز بېشى، ھەر يۈز بېشىنىڭ قول ئاستىدا پەنجاھ باشلىرى، بۇلارنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئون باشلىرى بار ئىدى. زەمبىرەكچى باشلىرى ئالتىدىن 12 گىچە زەمبىرەككە مەسئۇل ئىدى. زەمبىرەكلەر ئاز ھەم قولدا ياسالغان قەدىمىي زەمبىرەكلەر بولسىمۇ، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن ئېلىنغان كرۇپ ماركىلىق زەمبىرەكلەر ئىدى. قارا قالپاق كىيگەن زەمبىرەكچى ئەسكەرلەر مىلتىق ۋە قىلىچ ئاساتتى. زەمبىرەكخانىنىڭ مەسئۇلىمۇ ئوخشاشلا زەمبىرەك بېشى ئىدى (25).

ياقۇپبەگ قوشۇننىڭ قورال ۋە كىيىم-كېچەك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدە ھەربىي كارخانىلارنى قۇردى. ئېچىلغان بۇ كارخانىلاردا ھەربىي فورما ۋە قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىناتتى. ياقۇپبەگ بۇ كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى شەھەرلەردە ھەربىي ئىسكىلات تەسىس قىلدى. كارخانىلاردا تىكىلگەن ھەربىي فورمىلار ئۈچۈن ئاساسلىقى رۇسىيە ۋە ئەنگلىيەدىن سېتىۋېلىنغان رەختلەر ئىشلىتىلدى. ياۋروپا مىلتىقلىرىنى ياساش ئۈچۈن قەشقەردە زاۋۇت قۇرۇلدى (26). قوشۇننىڭ ئېھتىياجى بارغانسېرى كۆپەيگەنلىكتىن، كورلا بىلەن ئاقسۇدا يېڭىدىن ئىككى

ھەربىي كارخانا ئېچىلىپ، «ئېنفىلد» (enfield) تىپلىق مىلتىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. مەزكۇر ھەربىي كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئىشچى ۋە ئۇستىلارغا كۆرە ئۆزگىرىپ تۇراتتى (27). قوشۇننىڭ زەمبىرەككە بولغان ئېھتىياجى بولسا، مىلتىققا بولغان ئېھتىياجغا قارىغاندا، ھەل قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر مەسىلە ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھېچبىر شەھەردە زەمبىرەك قۇيۇش زاۋۇتى يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، زەمبىرەك قۇيۇشتا تولىمۇ زور قىيىنچىلىقلار كۆرۈلدى. ياقۇپبەگ ئاقسۇدا بىر زەمبىرەك قۇيۇش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەيئەتنىڭ ئەزاسى بولمىش مەھمۇد ئەپەندىنى زەمبىرەك قۇيۇشقا مەسئۇل قىلدى. لېكىن، مەھمۇد ئەپەندى قۇيدۇرغان زەمبىرەكلەر دەسلەپكى توپ ئېتىشتىن كېيىنلا كاردىن چىقاتتى. مەھمۇد ئەپەندى بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندىن كېيىن، قوقەندلىك قورال ياساش ئۇستىسى ئابدۇرەشىد ئىسىملىك بىرى زەمبىرەك ئوچاقلىرىغا مەسئۇل قىلىندى (28). لېكىن، زەمبىرەك جەھەتتە يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە ھاسىل بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن، شەرقىي تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەككە بولغان ئېھتىياجى ئاساسەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى بولغان پەنجاب ئەمىرلىكى ئارقىلىق قاندۇرۇلاتتى.

ياقۇپبەگ زامانىۋى قوشۇن قۇرۇش ئۈچۈن كۆپچىگە بولسىمۇ، قوشۇننىڭ مەۋجۇت قۇرۇلمىسىدىكى ئاجىزلىق تولىمۇ روشەن ئىدى. ياقۇپبەگ قەشقەرگە سىرتتىن كەلگەن ئادەم بولغاچقا، يەرلىك قىسىملارنىڭ غوللۇق كۈچى بولغان سەرۋازلارغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئاتلىق پولكلاردا بولسا، قوقەندلىكلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەچكە، ئۇلار (ياقۇپبەگنىڭ نەزىرىدە) پىيادە قىسىمدىكىلەرگە قارىغاندا ئىشەنچلىكرەك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياقۇپبەگ تۇڭگان ۋە خىتاي ئەسكەرلەرگە پەقەتلا ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنى قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىن باشقا يەرگە بارغۇزمايتتى. ئۇنىڭ يەرلىك قىسىملارغا بولغان ئىشەنچسىزلىكى تۈپەيلى، ئەسكەرلەرنىڭ قوشۇندىن قېچىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. دەرۋەقە، بىرىنچى قېتىملىق فەتىھلەر دەۋرىدە، يەرلىك قىسىملارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن قەشقەر قوشۇنىنىڭ تەڭدىن تولىسى يوقالغانىدى (29).

ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش — بولۇپمۇ 1759-يىلىدىكى مانجۇ ئىشغالىيىتىدىن كېيىن — تولىمۇ ناچارلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ زور سەۋەبى شەرقىي تۈركىستاندىكى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ يەرنى تامامەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقىدىن مەنبەلىنەتتى. ئېغىر باج سېلىقلىرىغا دۇچار بولغان خەلق پات-پاتلا مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. مەزكۇر قوزغىلاڭلار ۋە چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ قوزغىلاڭلارنى ئۆز ۋەزنىدىن بەكلا ئېشىپ كەتكەن دەرىجىدە قاتتىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە، بۇ دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش بۇزۇلۇپ، كىشىلەر تولىمۇ ئېغىر مۈشكۈلاتلار ئىچىدە قالغانىدى. ياقۇپبەگ 1864-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ

شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا قىسقىچە قەيت قىلىنغان مۇشكۈلاتلار قەدەممۇ قەدەم ئازىيىشقا باشلىغاندى (30).

ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىدىكى چەك سۈلالىسى پەيدا قىلغان ۋەيرانچىلىقلارنى تۈگىتىشكە تىرىشقاندى. ئۇ بۇ ھەقتىكى ۋەزىيەتنى ئۆزى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتماقچى بولغان رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە شۇنداق چۈشەندۈرگەندى:

«بىزنىڭ زېمىنلىرىمىز سىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ پېقىر ۋە ۋەيرانەدۇر. نۆۋەتتە مانجۇ ھاكىمىيىتى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇلار قالدۇرغان ۋەيرانچىلىقلارنى ئوڭشاشقا تىرىشىۋاتىمىز. ئۇلار بۇ دۆلەتتىكى ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئارقىسىدا ھېچنەرسە قالدۇرمىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، باي سودىگەرلىرىڭلارنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرىشى ھازىرچە چەكلەندى. چۈنكى، ئۇلار بۇ يەردە تىجارەت قىلغۇدەك ھېچنەرسە تاپالمايدۇ، پەقەت بىر خارابىلىقنىلا كۆرىدۇ» (31).

ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە تەدبىر قوللاندى. ئاندىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تولۇق قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ياقۇپبەگ ۋەيران بولغان دۆلىتىنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇشقا تىرىشىش جەريانىدا، ئەڭ ئاۋۋال مائارىپ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەندى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەرلەر قاراخانىيلار دۆلىتى دەۋرىدە ئالتۇن مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرگەندى. قەشقەر شۇ دەۋردىكى مائارىپ ۋە تىجارەت مەركىزى ئىدى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرگەن سىياسىي شەرت ـ شارائىتلار بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكەندى. شەرقىي تۈركىستاندا مائارىپنىڭ ئاساسى مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئىدى. مەكتەپلەردە قۇرئان، تەجۋىد ـ قىرائەت، ئەرەبچە ۋە پارسچە ئۆگىتىلەتتى. مەدرىسەلەردە بولسا دىنىي ئىلىملەرگە قوشۇپ، باشقا تۈرمۇش ئىلىملىرىمۇ ئۆگىتىلەتتى. لېكىن، بۇلارمۇ چەكلىك دائىرىدىلا ئۆگىتىلەتتى. مەدرىسەلەردە ئۆگىتىلگەن تارىخ دەرسلىرى ئىسلام تارىخىدىن ئىبارەت ئىدى. فىزىكا، خىمىيە، ھېساب قاتارلىق دەرسلەر ئۆگىتىلسىمۇ، ئەمما دائىرىسى پەۋقۇلئاددە چەكلىك ئىدى. كونا ئۇسۇل ۋە مېتودلار بويىچە ئۆتۈلگەن دەرسلەر دۇنيانىڭ مەۋجۇت تېخنىكىۋى تەرەققىياتىدىن خەۋەرسىز تەرزدە ئۆتۈلەتتى. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، مەدرىسەدە ئۆگىتىلگەن دىنىي ئىلىملەر خېلىلا ئۈستۈن سەۋىيەدە ئىدى، بولۇپمۇ ئەرەبچە ـ پارسچە گىرامماتىكىسى، ھەدىس ۋە مەنتىقە دەرسلىرى ئىلمىي رەۋىشتە ئۆتۈلەتتى. مائارىپ تىلى پارسچە ئىدى. مەدرىسەلەردە تەربىيەلىنىپ چىققانلار دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئىمتىيازلىق تەبىقە ھېسابلىناتتى. شەرقىي تۈركىستان ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە سىياسىي ئاتموسفېراسى سەۋەبلىك، غەربىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر ئىدى. ياقۇپبەگ دەۋرىگە قەدەر گاھىدا چەك سۇلالىسىنىڭ، گاھىدا رۇسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياشىغان مەزكۇر رايون مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن،

ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. شەرقىي تۈركىستان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالغان يىللاردا پەقەت ماتائارىپتىلا ئەمەس، بەلكى تىجارەت جەھەتتىمۇ قاتتىق زىيانغا ئۇچرىغانىدى. شەرقىي تۈركىستاندا چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئايىغى ئۈزۈلمەس قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى تىجارەتلەر توختاش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى (32). ياقۇپبەگ ئەنە شۇنداق بىر مەزگىلدە، ئالدى بىلەن بۇ يەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ۋەيرانچىلىقلارنى ئوڭشاشقا ئۇرۇندى. شەھەرلەرنىڭ قايتىدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادمۇ كۆچىيىشكە باشلىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ھەرقايسى جەھەتلەردە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدى. توقۇمىچىلىق ساھەسى ۋە شۇنىڭغا ياندىشىپ تەرەققىي قىلغان ساھەلەر تىجارەتنىڭ ئۇلى ئىدى. توقۇمىچىلىق كىلاسسىك قول دەستىگاھلىرىدا ئېلىپ بېرىلسىمۇ، لېكىن كىرىمى يۇقىرى ئىدى. بولۇپمۇ يىپەك ۋە يىپەكتىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار بازارلاردا ئاز ئۇچرايدىغان، ئەمما قوشۇمچە قىممىتى بەكلا يۇقىرى مەھسۇلاتلار ئىدى (33). ئەنگلىيەلىك تىجارەتچىلەر ھەممىدىن بەك قىزىقىدىغان بۇ مەھسۇلاتلار ئۈچۈن مەخسۇس زاكاس ئالىدىغان زاۋۇتلار قۇرۇلغانىدى. توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان پاختا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىم تىجارەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «ماتا» دەپ ئاتالغان رەخت ۋە بۇنىڭدىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردىكى بازارلارنىڭ تولىمۇ ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتلىرى ئىدى. ماتانىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئىمپورت قىلىنغان بارلىق ماللارنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. خانلىقنىڭ تىجارەت ساھەسىدە، توقۇمىچىلىق ئېكسپورتىنىڭ 81 پىرسەنتىنى ماتا، بەش پىرسەنتىنى يىپەك، تۆت پىرسەنتىنى پەلتۇ، ئىككى پىرسەنتىنى رەڭلىك كىگىز، سەككىز پىرسەنتىنى باشقا مەھسۇلاتلار ئىگىلەيتتى (35). ھىندىستان باش ۋالىيلىقى ئارقىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن، تۈركىستان باش ۋالىيلىقى (گوبېرناتورلۇقى) ئارقىلىق رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن سودا كېلىشىملىرى ئىمزالىغان ياقۇپبەگ شۇ ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە كەلگەن تىجارەتچىلەرنىڭ سانىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇنداقلا، ئۇ شۇ ئارقىلىق چەتئەل مەھسۇلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بازىرىغا توسقۇنسىز كىرىشىگە ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. رۇسىيە بىلەن قىلىنغان تىجارەتتە، ئىسسىقكۆل ۋە شۇنىڭ ئەتراپىدا قىلىنغان تىجارەتلەردىن كېلىدىغان پايدا راۋۇرۇس كۆپ ئىدى. 1869 ـ يىلى يۈز بەرگەن سەلبىي ۋەقەلەر تۈپەيلى، بۇ تىجارەت توختاپ قالغانىدى. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن، مەزارات تېغى ئەتراپىدىكى تىجارەت جانلىنىپ، تاپاۋىتى تولىمۇ يۇقىرى بولغان (36).

شەرقىي تۈركىستان بازارلىرى مەزكۇر رايوندىكى ئەڭ قايناق بازارلار ئىكەنلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر ئىدى. بازارلار شەھەرنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ بازارلاردا ياۋروپالىق تىجارەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى بىرىنچى بولۇپ تارتقىنى بومبا ساقال تۈرك تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىدى (37). بۇ يەرنىڭ ئايىتاغا ۋە چارسۇ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى چوڭ بازىرى بار ئىدى. قەشقەر تىجارەت جەھەتتە مۇھىم بىر تۈگۈن ئىدى. بۇ بازارلار تىجارەتنىڭلا ئەمەس، كۈندىلىك ھاياتنىڭمۇ

داۋاملىششىغا ئىمكانىيەت ياراتقان جايلار ئىدى. رۇسلار ماللىرىنى ئاۋۋال قەشقەرگە ئەكېلىپ، ئاندىن شۇ يەردىن باشقا شەھەرلەرگە تارقىتاتتى (38).

تۈركىستان شەھەرلىرىدە چەتئەللىك تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىغا بولغان قىزىقىشمۇ ئاجايىپ يۇقىرى ئىدى. بولۇپمۇ ئەنگلىيە ماللىرى ۋە رۇس تىجارەتچىلەر ئەكەلگەن مەھسۇلاتلار يۇقىرى باھادا سېتىلاتتى. بەزى تىجارەتچىلەر پۇل ئىشلەتمەستىن، مالغا مال تېگىشەلەيتتى. غەربلىكلەر گىلەم قاتارلىق گۈل كەشتىلەنگەن توقۇلما بۇيۇملارغا قىزىقاتتى ۋە بۇماللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى شۇ نەرسىلەر بىلەن تېگىشەتتى. بۇ مەھسۇلاتلار فارفۇر بۇيۇملار قاتارلىق غەربچە تۇرمۇشقا خاس ئائىلە بۇيۇملىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلاتتى (39). رۇسىيەلىك ۋە ئەنگلىيەلىك تىجارەتچىلەر بۇ رايوندىن خام يىپەك، ماتا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن خۇرۇم، يۇڭ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئومۇمەن تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملارنى، شېكەر، بوياق ۋە باشقا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ساتاتتى.

## خانلىقتىكى باجلار

قەشقەر خانلىقىدا تىجارەت مۇھىم كىرىم مەنبەسى بولغاچقا، باجمۇ دۆلەتنىڭ ئۇللۇق تاپاۋەت مەنبەسى ئىدى. خانلىق ھاكىمىيىتى يۇقىرالاردىن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا باج يىغاتتى. خەلقتىن بىۋاستە يىغىلىدىغان باجلار تۇپراق بېجى، تاناپ (قەشقەر خانلىقىدا قوللىنىلغان يەر ئۆلچىمى بىرلىكى، ت) بېجى ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. «چارۋىچىلىق ۋە تىجارەت بېجى» دەپمۇ ئاتالغان زاكاتنىڭ مىقدارى مەۋجۇت مال مىقدارىنىڭ قىرىقتىن بىرى (يەنى 2.5 پىرسەنتى) ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى (مېلى شەرئەتتە بەلگىلەنگەن 85 گرام ئالتۇننىڭ قىممىتىگە يەتسە) زاكات بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. تاناپ بېجى بولسا ئالاھىدە باج تۈرى ئىدى. مۇنبەت زېمىن ئىگىلىرىدىن يىغىلىدىغان بۇ باج شۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ بازار باھاسىغا ئاساسەن ئېلىناتتى. مەزكۇر دۆلەتتە ئاز مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلاردىن ئېلىنىدىغان بۇ باجنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، خەزىنىگە كۆپ كىرىم ئەكېلەتتى. تۇپراق بېجىدا بولسا، دېھقانلارنىڭ ئېتىزىدىكى مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى دۆلەت باج سۈپىتىدە ئالاتتى. مەزكۇر باج تۈرى خەلقنىڭ خانلىققا بولغان ساداقىتىنى ۋە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە بولغان ئىشەنچىنى ئېغىر دەرىجىدە زېدىلىگەنىدى. خانلىقتا باجگىرلار مائاش ئالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، باج مىقدارىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. بۇ چېك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يولغا قويغان سىستېما بىلەن ئوخشاش ئىدى ۋە (يۇقىرالار ئارىسىدا) ئىنتايىن ئېغىر بىئارامچىلىققا سەۋەب بولغانىدى (41).

خەلقتىن ئېلىنىدىغان ۋاستىلىك باجلار تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

1. ئوت ـ سامان پۇلى: دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن ئېلىنىدىغان ئوت ـ سامان پۇلى ئاساسەن (نەق پۇل ئەمەس) زىرائەت شەكلىدە ئېلىناتتى.

2. كەپسەن: زىرائەتتىن ئىلىندىغان باج بولۇپ، بۇنىڭدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن كىرىم باجگىرلارنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. قەشقەر خانلىقىدا باجگىرلارغا مائاش بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ باج مائاشنىڭ ئورنىدا ئىدى.

3. تەرى قارا: پۇقرالاردىن بىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق مال ـ بىساتىنىڭ قىممىتى ھېسابلىنىپ، شۇنىڭ بەش پىرسەنتى دۆلەتكە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇنى «مىراس بېجى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ (42).

دۆلەت توپلايدىغان باجلار بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. قەشقەر خانلىقى تەۋەسىگە كىرگەن ھەرقانداق تىجارەتچى چېگرا بېجىدىن سىرت، ئۆزىنىڭ بارلىق خىراجەتلىرى ئۈچۈن باج تۆلەيتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەرلىك خەلقتىن ئېلىنىغان باجلارمۇ شۇ شەكىلدە ئىدى. دۆلەتكە كەلگەن چەتئەللىك ئەلچىلەرنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئۈچۈن ئۈچۈنمۇ خەلقتىن «ئەلچىلىك بېجى» ئېلىناتتى.

ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىدىكى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقلار ئاسانلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ زامانىۋى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر قالغانلىقى ۋە سىرتقى دۇنيا كېچىكىپ تونۇشۇشى ئۇنىڭ نۇرغۇن دۆلەتلەردىن ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغلەر تىجارەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قوشۇننىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي كارخانىلارغا ئىشلىتىلگەنىدى. شۇنداقلا، بۇ ئەھۋال دۆلەت ئىقتىسادىغا زور پايدا ئەكېلەلىگۈدەك سەۋىيەدە بولماستىن، ئارانلا ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. مەسىلىنى بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە تەھلىل قىلغاندا، قەشقەر خانلىقىدىكى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆز ئىچىدە ئايلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئەندىزىگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

(تۈگىدى)

«ياقۇپ بەگ» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام



# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى

ئا.ئەركىن

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە خىسلەتلىرى

ئا. ئەركىن

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئالللاھ تائالا ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن يۈز مىڭلىغان پەيغەمبەرلەردىن بىرىدۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر ۋە ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئالللاھ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە جىنلارغا مۇھەممەد قىلىپ ئەۋەتكەن زاتتۇر. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھاياتى زالىملارغا ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەش بىلەن، ئالللاھقا ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىش بىلەن، ئىنسانلارنى ئالللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش بىلەن، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىنىمسىز بەدەل تۆلەش بىلەن ئۆتكەن ھاياتتۇر. بۇ ماقالىدە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قىسقىچە ھاياتى ۋە خىسلەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەققىدە نەچچە مىڭ پارچە ئەسەر يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر نەچچىسى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ۋە خىسلەتلىرىنى تونۇشتۇرغان كىچىك ھەجىملىك، ئىشەنچلىك ماقالىلەرنىڭ بولماسلىقىدەك بوشلۇقنى تولدۇرۇش، مىڭ يىلدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلىق تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەمچى بولۇش مەقسىتىدە بۇ ماقالە يېزىپ چىقىلدى. ماقالە ئىككى چوڭ بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلەكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى تەپسىلىيلىكتىن خالىي ھالدا قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ، ئىككىنچى بۆلەكتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.**

## 1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى

### تۇغۇلۇشى ۋە بالىلىقى

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئىسىم فامىلىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئەلھاشىمى ئەلقۇرەشىدۇر. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مىلادى 571 ـ يىلى مەككە شەھرىدە تۇغۇلغان[1]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغانىدا سەجدە قىلغان ھالەتتە تۇغۇلغانلىقى**

[1] مۇھەممەد جەمىل زەينۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ۋە خىسلەتلىرى، 9 ـ بەت

نەقىل قىلىنغان[2]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان بۇ يىل مەشھۇر پىل ۋەقەسى يۈز بەرگەن يىل بولۇپ، بۇ يىلى كەبىنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن پىللاردىن قوشۇن تەشكىللەپ مەككىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن خىرىستىئان قوشۇنى بەيتۇللاھقا يېقىن يەردە ئاللاھ تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان[3]. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنەدۇر. دادا تەرەپ چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇتەللىپتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قورساقتىكى چاغدا دادىسى ئابدۇللاھ 25 يېشىدا ۋاپات بولغان[4]. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولغان. نەتىجىدە، چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ھامىيلىقىدا قالغان. ئىككى يىلدىن كېيىن چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋاپات بولغان. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەككىز ياشتا ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىپ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن[5]. ئەبۇ تالىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەك كۆيۈنەتتى، بىراق ئۇ قولى قىسقا (مال ـ دۇنياسى ئاز) كىشى ئىدى. بۇ سەۋەبلىك، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە تاغىسىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن پادىچىلىق قىلغان[6]. رەسۇلۇللاھ 12 ياشقا كىرگەندە تاغىسى ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھنى جاھان كۆرۈشى ۋە تىجارەتنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن شامغا تىجارەت ئۈچۈن بارىدىغان كارۋانغا قوشۇپ يولغا سالغان[7].

نەسەبى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئەرەبلەر ئىچىدە ئىنتايىن مەشھۇر بولغان، مۆتىۋەر نەسەب بولۇپ، ئىبنى خەلدۇن پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىگە ئالاقىدار بايانىدا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى — ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ھۆرمەتلىنىدىغان ئائىلىگە تەۋە بولۇشىدۇر.[8]»

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدىن بولۇپ، ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسىدۇر. ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف ئۆز دەۋرىدە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە ئەڭ باي كىشىسىدىن بىرى بولۇپ، كەبىنى ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگۈچىلەرگە شورپا ۋە نان

---

[2] ئىبنۇل جەۋزى: سىفاتۇس سەفۋا، 24 ـ بەت

[3] ئىبنى قەييىم: زادۇل مەئاد 1\64

[4] ئىبنۇل جەۋزى: سىفاتۇس سەفۋا، 24 ـ بەت

[5] مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 16 ـ بەت

[6] ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 68 ـ بەت

[7] ئىبنى قەييىم: زادۇل مەئاد، 1 ـ جىلد، 64 ـ بەت

[8] ئىبنى خەلدۇن: مۇقەددىمە، 312 ـ بەت

بىلەن زىياپەت بېرەتتى. ھاشىم جەمەتى ھاجىلارنى سۇ ۋە يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان.[9]

ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى بۈيۈك ئوغۇل دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى ھەجەر ئانىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىسمائىل، يەنە بىرى سارەدىن دۇنياغا كەلگەن ئىسھاقتۇر. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا بەك كۆپ پەيغەمبەرلەر دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ، بەنى ئىسرائىل دېگەنلىك ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەنلىكتۇر. ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىگە تەۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامدۇر. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، پۈتكۈل ئەرەپ قەبىلىلىرى ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن پەقەت بىرلا مۇھەممەد دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد دەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى بولغان مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدۇر.[10]

تويى قىلىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ دەسلەپكى پەيتلىرىدىن باشلاپلا مەرت، سەبىرچان، ئىشەنچلىك ۋە سەممىي زات ئىدى. بۇ ۋەجىدىن، خەلقى ئۇنى ئەلئەمىن (ئىشەنچلىك كىشى) دەپ ئاتايتتى.[11] 25 يېشىدا خەدىچە ئانىمىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. خەدىچە ئانىمىز قۇرەيش قەبىلىسىدە دىيانەتى، ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە تىجارىتى بىلەن مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر تۇل ئايال بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن توي قالغاندا قىرىق ياشتا ئىدى. خەدىچە ئانىمىز رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئۈچ يىل ئاۋۋال، پەيغەمبەرلىكنىڭ يەتتىنچى يىلى مەككىدە ۋاپات تاپقان. خەدىچە ئانىمىز ۋاپات بولغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھ باشقا ئايال بىلەن ئۆيلەنمىگەن.[12] (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەققىدىكى مەلۇمات ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە بايان قىلىنىدۇ.)

پەرزەنتلىرى

[9] سەفىيۇررەھمان مۇبارەكفۇرى: شېرىن بۇلاق، 49-بەت

[10] ئىبنى كەسىر: قىسسەسۇل ئەنبىيا، 174-بەت

[11] مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 20-بەت

[12] ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 37-بەت

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى تۇغۇلغان ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلىدىن باشقا ھەممە پەرزەنتلىرى خەدىچە ئانىمىزدىن تۇغۇلغان بولۇپ، خەدىچە ئانىمىزدىن ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز پەزەنتى تۇغۇلغان ئىدى.[13] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بوۋاقلىق يېشىدا ۋاپات بولغان، پەرزەنتلىرىدىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ھەممە پەرزەنتى رەسۇلۇللاھتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بولۇپ، «جەننەت ئاياللىرىنىڭ سەردارى» دەپ نامالانغان فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ۋاپات بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد قىلىنىپ ئەۋەتىلىشىنىڭ ئالدى كەينىدىكى دەۋردىكى ئەرەپ جەمئىيىتىگە نەزەر

ئەينى دەۋردىكى ئەرەپ جەمئىيىتىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن قالغان كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش پائالىيىتى مەۋجۇت ئىدى.[14] ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ئاجىزلار بوزەك قىلىنسا ياردەم قىلىش، ئېسىل نەسەپلىك، دۇرۇست كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش؛ ئېسىل نەسەپتىن كېلىپ چىققان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈشى؛ مېھمانلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز قەبىلىسىگە ۋە جەمەتىگە ۋاپادارلىق، ساخاۋەتچىلىك قىلىش قاتارلىق ياخشى تەرەپلەر مەۋجۇت ئىدى.[15] ئەمما، بۇ ھال ئومۇمەن شەرەپلىك، مۆتىۋەر جەمەتلەردىن كېلىپ چىققان، ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ئالغان كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان ياخشى سۈپەتلەر ئىدى. شۇنداقلا، بۇتقا چوقۇنىشنى سۆكىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئەمما بۇلار ئەرەپ مۇشرىك جەمئىيىتى تەرىپىدىن زور دەرىجىدە يەكلىنەتتى.

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئەرەپ جەمئىيىتىدە ئەرەپ بولمىغان باشقا جەمئىيەتلەرگە ئوخشاشلا تۈرلۈك يامان ئادەتلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇتقا چوقۇنۇش، قىمارۋازلىق، ھاراقكەشلىك قاتارلىقلار بۇ جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئادەتلەردىن ئىدى. نەسەبى ئۈستۈن ئوغلى بولۇشنى ئارزۇلىغان تۆۋەن نەسەپلىك ماڭقۇرت ئەرلەرنىڭ ئۆز ئايالىنى باشقا نەسەپدار ئەر بىلەن زىنا قىلىشقا بۇيرۇپ يولغا سېلىپ قويۇشى؛ شۇملۇق، ئار-نومۇس ھېس قىلىپ قىزلارنى تىرىك كۆمۈش؛ نامراتلىقتىن قورقۇپ ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن پەرزەنتلەرنى ئۆلتۈرۈپ، كۆمۈۋېتىش؛ بىر ئەرنىڭ نەچچە ئونلاپ خوتۇن ئېلىشى؛ بۇ ئاز كەلگەندەك يالغۇز

13 نەۋەۋى: تەھزىبۇل ئەسما ۋەللۇغەت، 1 ـ جىلد، 26 ـ بەت

14 مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 29 ـ بەت

15 سەفىيۇرراھمان مۇبارەكفۇرى: شېرىن بۇلاق، 39 — 46 ـ بەتلەر

بىر ئەرنىڭ يۈزلەپ، ھەتتا مىڭلاپ قۇل - چۆرىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئەڭ ئېغىر زۇلۇملار بىلەن دەپسەندە قىلىشى؛ ئاياللارنى بارچە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارغا قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان تاۋار مال سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش؛ ئۆلنلغان ئاياللارنىڭ خالىغىنىغا ئاز تولا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، خالىغىنىنى ھايۋاندىن بەتەر خورلاش؛ ئاياللارنى مىراس ھوقۇقىدىن، ئۆزى خالىغان ئەرگە تېگىپ تۇرمۇش قۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش؛ بىر ئايالنىڭ ئېرى ۋاپات بولسا، ئۇ ئايالنى شۇ ئەرنىڭ باشقا ئايالدىن بولغان ئوغلى ئېلىش؛ ئۆلۈپ كەتكەن ئەرنىڭ ئايالىنىڭ شۇ ئەرنىڭ جەمەتىنىڭ قولىدا تاۋار مال سۈپىتىدە قېلىپ قېلىشى قاتارلىقلار ئەرەپ جەمئىيىتى مۇپتىلا بولغان ئەڭ ئېغىر يامان ئادەتلەر جۈملىسىدىن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارغا پۇل - مال بېرىپ تۇرغان بولسا، ئۇنى چوقۇم ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئېلىش ئارقىلىق جازانە قىلىش؛ ئاياللارنىڭ ياسىنىپ تارىنىپ چىقىپ، باشقا ئەرلەرنىڭ مەيلىنى تارتىش ئارقىلىق ئۇنى ئازدۇرۇشى؛ يات ئەر ئاياللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشى؛ قۇل دېدەكلەردىن بىر قىسمىنىڭ زىنا قىلىشنى كەسىپ قىلىپ تاللاپ، مۇشۇ كەسىپنى قىلىدىغانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قىزىل بايراق ئېسىپ قويۇشى؛ قەبىلىۋازلىق، جەمەتۋازلىقنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆز جەمەتىگە ياكى ئۆز قەبىلىسىگە تەۋە بىرى ھەر قانداق ھەقسىزلىك قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، قارشى قەبىلىدىكى كىشىنىڭ توغرا بولۇشىغا قارىماستىن، ئۆز قەبىلىسىگە تەۋە كىشىنى باشتىن ئاياق قوللاپ، يامىنى كەلسە قانلىق ئۇرۇش قوزغاش؛ بىر قەبىلىنىڭ باشقا بىر قەبىلىگە باستۇرۇپ كېلىپ بۇلاڭ تالاڭ قىلىشى، ئاقىۋەتتە بۇلاڭ تالاڭ قىلىنغان، خوتۇن - قىزلىرى ئەسىر ئېلىنىپ قۇل قىلىنغان قەبىلە تاجاۋۇزچى قەبىلىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىپ قانلار تۆكۈلۈپ، جانلارنىڭ ھالاك بولۇشى قاتارلىقلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەپ جەمئىيىتىنىڭ يارقىن ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىدى.[16]

بۇ يالغۇز ئەرەپ جەمئىيىتىگە خاس يىرگىنىشلىك ئادەتلەر بولۇپ قالماي، بۇ دەۋرلەردە پۈتۈن دۇنيادا يۇقىرىقىدەك ناچار ئىللەتلەر كەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى. ئىنسانىيەت كۇفۇر ۋە جاھالەتنىڭ زۇلمىتى ئاستىدا بارغانچە يولدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئاللاھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەر خىل تۈردىكى ناچار قىلمىشلاردىن ساقلىغان بولۇپ، پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئاۋۋال ھېچبىر زامان بۇتقا چوقۇنۇپ باقمىغان، بۇتقا ئاتاپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يەپ باقمىغان، يامان يولغا مېڭىپ باقمىغان، بۇتپەرەس ئەرەپ جەمئىيىتىدە ھەر قانداق تۈردىكى يامان نام بىلەن ئاتىلىپ باقمىغان ئىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل ناچار قىلمىشلاردىن بەكمۇ بىئارام بولاتتى، بارا - بارا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان، يالغۇز ھالدا ئىستىقامەت قىلىپ، ھەقىقەت ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى. ئاللاھقا مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۇھەممەد قىلىپ ئەۋەتتى.

[16] ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 48 - بەت

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى ئۇيقۇدىكى ياخشى چۈشلەر بولدى. كۆرگەن ھەر بىر چۈشى تاڭ نۇرىدەك ئۆز پېتى يۈز بېرەتتى. كېيىن ئۇنىڭغا يالغۇزلۇق ياخشى كۆرسىتىلدى. ئاندىن، ھىرا غارىغا بېرىپ يالغۇز ئىستىقامەت قىلىدىغان بولدى. ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر بىر نەچچە كېچە غاردا ئىبادەت قىلاتتى ۋە (ئائىلىسىگە قايتىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن) يەنە ئوزۇق ئېلىپ غارغا كېلەتتى. ئاندىن يەنە خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) نىڭ يېنىغا قايتىپ، ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ئوزۇقلۇق تەييارلايتتى.

ئاقىۋەتتە، بىر كۈنى ئۇ ھىرا غارىدىكى چاغدا ئۇ زاتقا ھەق (ۋەھيي) كەلدى. پەرىشتە (جىبرىل) ئۇ زاتقا كېلىپ «ئوقۇ» دېدى. ئاللاھنىڭ رەسۇلى «ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى:

ئۇ چاغدا پەرىشتە مېنى تۇتۇپ تاقىتىم قالمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق سىقتى. ئاندىن قويۇۋېتىپ «ئوقۇ!» دېدى. مەن يەنە «ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېدىم. مېنى ئىككىنچى رەت يەنە تاقىتىم قالمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق سىقتى. ئاندىن مېنى قويۇۋېتىپ «ئوقۇ!» دېدى. مەن «ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېدىم. مېنى تۇتۇپ ئۈچىنچى قېتىم سىقتى، ئاندىن مېنى قويۇۋېتىپ: {ياراتقان رەببىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇم، ھەقىقەتەن رەببىڭ بەك كېرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى.}[17] دېدى.

(ئائىشە ئانىمىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:)

شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۈرىكى سالغان، قورققان ھالدا ئۆيگە قايتتى ۋە ئايالى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) نىڭ يېنىغا كېلىپ «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!» دېدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قورقۇنچى كەتكۈچە مۇددەت يۆگەپ قويدى. ئاندىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىدىن كەچكەنلەرنى خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) غا ئېيتىپ بېرىپ «ئۆزۈمدىن قورقۇپ قېلىۋاتىمەن» دېدى. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭغا جاۋابەن: ئۇنداق دېمىسىلە، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سىلىنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى، سىلى ئۇرۇق تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىلا، ئاجىز-بىچارىلەرگە ياردەم قىلىلا، يوقسۇللارغا كۆڭۈل بۆلۈلا، مېھماننى ھۆرمەتلەيلا، پالاكەتكە ئۇچرىغانغا ياردەم قىلىلا، دېدى. ئاندىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەراقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. بۇ كىشى جاھىلىيەت زامانىدا خىرىستىيان بولغان كىشى ئىدى، ئىبرانىچە بىلەتتە ۋە ئىنجىلدىن بەزى نەرسىلەرنى ئىبرانىيچە ئوقۇيتتى ۋە يازاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ۋەرەقە ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان، قېرىپ كەتكەن ئىدى. خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋەرەقەگە «ئى تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭنىڭ

[17] قۇرئان كەرىم: سۈرە ئەلەق، 1-ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە

ئوغلىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ئاڭلاپ باققىن» دېدى. ۋەرەقە «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟» دېدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم بېشىغا كەلگەن ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى.

بۇنىڭ بىلەن ۋەرەقە مۇنداق دېدى:

— كۆرگىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەزرىتى مۇساغا ئەۋەتكەن پەرىشتىدۇر. كاشكى، سېنىڭ دەۋەت زامانىڭدا ياش بولغان بولسام! قەۋمىڭ سېنى بۇ شەھەردىن چىقىرىۋەتكەندە ھايات بولغان بولسامچۇ!

بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم «ئۇلار مېنى بۇ شەھەردىن چىقىرىۋېتەمدۇ؟» دەپ سورىدى. ۋەراقە مۇنداق دېدى: «شۇنداق، سېنى چىقىرىۋېتىدۇ. سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ داۋانى قىلغان ھەر قانداق (مۇھەممەد) دۈشمەنلىككە ئۇچرىغان. سېنىڭ پەيغەمبەرلىك زامانىڭدا ھاياتلا بولسام، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ساڭا ياردەمدە بولىمەن.» بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاراقە ئالەمدىن كەتتى ۋە ئۇ چاغلاردا ۋەھيي بىر زامان توختاپ قالدى.[18]

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىسمائىلنى تاللىدى، ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كىنانەنى تاللىدى. كىنانەنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىن قۇرەيشنى تاللىدى. قۇرەيشتىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى. ھاشىم جەمەتىدىن مېنى تاللىدى.[19]»

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«بارچە ئىنسانلارغا مۇھەممەد بولۇپ ئەۋەتىلدىم. مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر (كارۋىنى) ئاخىرلاشتى.[20]»

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىرىق يېشىدا پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيي كەلگەن چاغ رامىزاننىڭ يىگىرمە بىرى، دۈشەنبە كۈنىگە توغرا كېلەتتى.[21] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەمدىن دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ سەۋەبى سورالغاندا «مەن دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلدۇم. ۋەھيىمۇ ماڭا دۈشەنبە كۈنى كەلدى» دېگەن ئىدى.[22]

## مەككە دەۋرى

[18] سەھىھۇل بۇخارى، 3 ـ ھەدىس

[19] سەھىھ مۇسلىم — كىتابۇل فەزائىل، 15\36

[20] سەھىھۇل مۇسلىم، 1167 ـ ھەدىس

[21] سەفىيۇرراھمان مۇبارەكفۇرى: شېرىن بۇلاق، 39 — 46 ـ بەتلەر

[22] سەھىھۇل مۇسلىم — كىتابۇس سىيام، 197

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن مەككىدە 13 يىل ياشىدى. پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن كېيىن ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلنى مەخپىي رەۋىشتە ئېلىپ باردى.[23] رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، يەككە يېگانە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھنى تاشلاپ ئۆز قولى بىلەن ياسىۋالغان ھەرخىل ـ ھەر ياغىزا بۇتلارغا باش ئۇرۇشتىن يېنىشقا، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشكە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، زالىملارغا يانتاياق بولماسلىققا، تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىقتىن ئۆزاق تۇرۇشقا، ئاللاھنىڭ تەلەپ قىلغىنى بويىچە ھەر جەھەتتىن دۇرۇست ئىنسان بولۇشقا چاقىردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ يىللىق مەخپىي دەۋىتى داۋامىدا مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانى قىرىق ئەتراپىدا ئىدى.[24] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بەزىلىرى ئېغىر قىيىن ـ قىستاققا دۇچ كەلدى، بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ شەھىد قىلىندى.[25] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچ يىللىق مەخپىي دەۋەتتىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەككىدە ئون يىل ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتتى. بۇ جەرياندا چىدىغۇسىز ئېغىرچىلىقلارغا، ئەزىيەتلەرگە دۇچ كەلدى. قۇرەيشنىڭ ھەر قانداق مىيلە ـ مىكىر، جازا، تەھدىتلىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى ھەق دەۋىتىدىن قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلاتتى، ھەم مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئەزىيەت بېرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيش خەلقىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئىسلامغا ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغۇچىلاردىن بىرى ھېسابلانغان ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «پەيغەمبەرلىك راست بولىدىغان بولسا، مەن پەيغەمبەر بولۇشقا سەندىن ھەقلىقراق ئىدىم، چۈنكى مېنىڭ مال ـ دۇنيارىم سېنىڭكىدىن كۆپ» دېگەن ئىدى.[26]

قۇرەيشنىڭ ئەزىيەتلىرى سەۋەبلىك ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەككىنى تاشلاپ، ھەبەشىستانغا (بۈگۈنكى ئېفئوپىيە تەۋەلىكلىرىگە) ھىجرەت قىلدى. ساھابىلەرنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشى رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 5 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.[27]

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىسلام دەۋىتىدىن يانمىغان، ئۆزلىرىنىڭ باتىل شەرتلىرىگىمۇ كۆنمىگەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە پەيغەمبەرلىكىنىڭ يەتتىنچى يىلىدىن 10 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىل جەمەتى بويىچە جازا يۈرگۈزدى. پەيغەمبەرلىكىنىڭ 10 ـ يىلى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيۈملۈك رەپىقىسى خەدىچە

---

23 ئىبنۇل جەۋزى: سىفاتۇس سەفۋا، 42 ـ بەت

24 سىيرەت ئىبنى ھىشام 1\245

25 مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 29 ـ بەت

26 فىقھۇس سىيرە 25 ـ بەت

27 زادۇل مەئاد، 2 ـ جىلد، 344 ـ بەت

ئانىمىز 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئوتتۇز بەش كۈندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنى قىرىق يىل قانات ئاستىغا ئېلىپ ھىمايە قىلغان تاغىسى ئەبۇ تالىب ئالەمدىن ئۆتتى.

## يېڭى چىقىش يولى

مەدىنىنىڭ ئىسلاملىششتىن ئىلگىرىكى ئىسمى يەسرىب بولۇپ، پەيغەمبەرلىكنىڭ 11 ـ يىلى يەسرىپتىن ھەجگە كەلگەنلەر بار ئىدى. مەدىنىدە ئىككى ئەرەپ قەبىلىسى، ئۈچ يەھۇدى قەبىلىسى ياشايتتى.[28] ئىككى ئەرەپ قەبىلىسى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە دۈشمەن بولۇپ، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش ئىچىدە ئېغىر ھالسىرىغان ئىدى. يەھۇدىيلار ئىككى گورۇھ بولۇپ بۇ ئىككى ئەرەپ قەبىلىسىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەرەپتارلىق قىلىشاتتى. مەدىنە خەلقى نەچچە ئون يىللىق ئۇرۇشتىن بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويغان، جەمئىيەتنى ھەر تۈرلۈك كىرزىس ۋە بالايىئاپەتلەر قاپلىغان بولسىمۇ، بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەككىدە دەۋەت قىلىۋاتقان ئاخىرقى يىللاردا ئۇ زاتقا مەدىنىدىن مەككىگە ھەجگە كەلگەن ئالتە كىشى ئىمان ئېيتتى. يەسرىپتىكى يەھۇدىيلار يەسرىپتىكى يەرلىك ئەرەپ قەبىلىلىرىگە «يېقىندا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى چىقىدۇ، بىز ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئەگىشىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سىلەرنى ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈمىز» دەپ تەھدىت سېلىشاتتى. يەھۇدىيلارنىڭ «يېقىندا بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ...» دېگەن خىتابلىرى يەسرىپلىكلەرگە ناتونۇش ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ يىلى ھەجگە كەلگەن يەسرىپلىكلەرنى باشقا قەبىلىلەر قاتارىدا دەۋەت قىلدى. ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردى، ئىسلامنى تونۇشتۇردى. نەتىجىدە يەسرىپتىن ھەجگە كەلگەن ئالتە كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، مۇسۇلمان بولۇپ يەسرىپكە قايتتى. قايتىپ بېرىپ قەۋمىنى دىنغا دەۋەت قىلدى. ئۇزاق يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئېغىر ھالسىرىغان مەدىنە خەلقى، رەسۇلۇللاھ سەۋەبلىك ئۆزلىرىگە كەڭچىلىك ۋە خاتىرجەملىك كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، تېزلا مۇسۇلمان بولدى.

## مەدىنە دەۋرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باش ئەگدۈرەلمىگەن، تىزگىنلىيەلمىگەن قۇرەيش كاتتىلىرى ئاقىۋەتتە تولىمۇ شۇم پىلاندىن بىرنى تۈزۈپ چىقتى. قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە ھەر قايسى جەمەتلەر بىردىن ئادەم چىقىرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كېچىسى ئۇخلاۋاتقان يېرىدە ئوپچە ھالدا پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىش پىلانى تۈزۈشۈپ ۋەدىلەشتى. ئاللاھ بۇ سۇيىقەستنى شۇ كۈنى شۇ ھامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي

28 تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى، بەنى قۇرەيزە بابى

ئارقىلىق بىلدۈرۈپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئەمر قىلدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 53 ياشتا ئىدى.[29]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنە خەلقى ئەرەپلەردىن ۋە كېيىن مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەن يەھۇدىلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەندە يۇقىرىقى ئالتە كىشى سەۋەبلىك مەدىنىدىكى ئەۋس قەبىلىسى ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئەرەپ قەبىلىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، رەسۇلۇللاھقا مەككىدە ئىمان ئېيتقان يۈزلەرچە ساھابە رەسۇلۇللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن رەسۇلۇللاھتىن ئاۋۋال مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ بولغان ئىدى. ساھابىلەردىن بىر قىسمى بولسا قۇرەيشنىڭ توسقۇنلۇقى سەۋەبلىك مەدىنىگە ھىجرەت قىلالمىغان ئىدى.[30] مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنى ناھايىتى چوڭقۇر ئىززەت ئېكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. يەھۇدىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئاقىۋەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەھۇدىلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم قىلماسلىق، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ يەھۇدىلارنىڭ دۈشمىنىگە ياردەم قىلماسلىق، مەدىنىنى تاشقى دۈشمەندىن بىرلىكتە قوغداش توغرىسىدا يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزدى.[31] نەچچە ئون يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيران بولغان مەدىنە خەلقى مانا بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بەرىكىتى ۋە يۈكسەك ئەقىل-پاراستى نەتىجىسىدە تىنىچلىققا ئېرىشكەن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارشى بەدىر غازىتى، ئوھۇد غازىتى، خەندەك غازىتى، تەبۇك غازىتى، ھۇنەين غازىتى قاتارلىق جىھادلارنى قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىغا قارىماي مۇسۇلمانلارغا ئورا كولىغان، قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلغان ئۈچ يەھۇدى قەبىلىسىنى پەرقلىق ۋاقىتلاردا مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرمەكچى بولغان، مۇسۇلمانلارغا ئېغىر تالاپەت سالغان خىيانىتى ئېغىر يەھۇدىلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. رىم ئېمپېرىيىسىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى تەييارلىنىۋاتقانلىقى خەۋىرىنى ئېلىپ، ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، رىم چېگرىسى ھېسابلانغان تەبۇك دېگەن جايغىچە ئۆزى باش بولۇپ ئەسكەر تارتتى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. ئاتمىش بىر يېشىدا مەككىنى فەتھ قىلدى. ئاندىن ئۆزىگە قارشى بىرلەشكەن ئەرەپ قەبىلىلىرىگە قارشى جىھاد قىلىپ ئۇلارنى ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ قىلدى، نەتىجىدە ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى ئومۇمەن بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ چاغدا يۈز مىڭلارچە كىشى ئىسلامنى

[29] سابىت داموللام: شېرىن كالام، 86-بەت

[30] مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 35-بەت

[31] مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 37-بەت

**قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ بولغان، ئەرەپ يېرىم ئارىلى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقىلىق يۈكسىلىشكە باشلىغان ئىدى.**

### ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ئاغرىقى دەسلىۋىدە ئايالى مەيمۇنە ئانىمىزنىڭ ئۆيىدە باشلاندى.[32] كېسەل بولغاندا كېسەللىك پەيتىنى ئائىشە ئانىمىزنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاياللىرىدىن رۇخسەت سورىدى.[33] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە قىززىتما بولغان بولۇپ، يوقلاپ كەلگەن ساھابىسىگە «مەن سىلەردىن ئىككى كىشىنىڭ قىززىغىنىنىڭ باراۋىرىدە قىززىۋاتىمەن» دېگەن ئىدى.[34]**

**ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىنمۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابى تارتقان بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم.[35] كېسەللىكىنىڭ كېيىنكى بەش كۈنىدە ناماز ئۈچۈن مەسجىدكە چىقالمىدى.[36]**

### ۋاپاتى

**ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ تىزىم بىلەن قۇچىقىم ئارىسىدا (ياتقان ھالەتتە) ۋاپات تاپتى. ئۇنىڭ ئۆلۈم ئازابىنى تارتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشقا ھەر قانداق بىرىنىڭ ئۆلۈم ئازابى مېنى ھەسرەتلەندۈرمەيدۇ.[37]**

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن مەككىدە 13 يىل، مەدىنىدە ئون يىل ياشىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە 13 كۈن كېسەل تارتتى.[38] 63 يېشىدا مەدىنىدە ۋاپات بولدى.[39]**

---

[32] سەھىھۇل مۇسلىم، 936ـ نومۇرلۇق ھەدىس

[33] سەھىھۇل مۇسلىم، 936ـ نومۇرلۇق ھەدىس

[34] سەھىھۇل بۇخارى 116\10؛ سەھىھۇل مۇسلىم 126\16

[35] بۇخارى 5646؛ ئەلبانى ـ سەھىھ ئىبنى ماجە 1325

[36] ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 527ـ بەت

[37] بۇخارى ـ مەغازى ـ 7\474

[38] ئىبنى رەجەب: لەتائىفۇل مەئارىف، 105

[39] سەھىھۇل مۇسلىم، 6034ـ ھەدىس

**ساھابىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سالدۇرماستىن، كۆڭلىكى ئۈستىدىن سۇ تۆكۈپ، ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ يۇيدى.[40] ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرەتنىڭ 11 ـ يىلى، رەببىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى.[41] (مۇھەممەد ئىبراھىم) «پەيغەمبەرلەر قەيەردە ۋاپات بولغان بولسا، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ» دېگەن ھەدىسى بويىچە، ئائىشە ئانىمىزنىڭ ھۇجرىسىدا ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى.**

## ۋاپاتىدىن ساھابىلەر قاتتىق ئېغىر قايغۇغا چۆمدى

**ھافىز ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتى مۇسۇلمانلارغا بەك ئېغىر كەلدى. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا ساھابىلەردىن بەزىسى ئولتۇرۇپ قالدى، ئورنىدىن تۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. بەزىلىرىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، سۆزدىن قالدى. بەزىلەر بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئىنكار قىلىپ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىشتى.[42]»**

**رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىشقا قاتناشقان ساھابە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:«ئى ئەنەس! رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىگە تۇپا تاشلاشقا يۈرىكىڭلار قانداق چىدىدى» دېيىش ئارقىلىق قايغۇسىنى بىلدۈرگەن ئىدى.[43]**

**رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن ئېغىر قايغۇغا چۆككەن ساھابىلەرگە ساھابىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:«قۇلاق سېلىڭلار! كىم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، بىلسۇنكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ۋاپات بولدى. كىم ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، بىلسۇنكى، ئاللاھ ئەسلا ئۆلمەيدۇ. ئۇ زات ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دېگەن:{ھەقىقەت شۇكى، سەنمۇ ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ.}(زۇمەر سۈرىسى، 30 ـ ئايەت) ئاللاھ يەنە مۇنداق دېگەن:{مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر كېلىپ كەتتى. ئەگەر مۇھەممەد ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە دىنىڭلاردىن يېنىۋالامسىلەر؟ كىم دىنىدىن يانسا، (بۇ ئارقىلىق) ئاللاھقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.»[44،45]**

---

40 ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 538 ـ بەت

41 مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم: ئۇسۇلىددىن ئەلئىسلامىي، 139 ـ بەت

42 ئىبنى رەجەب: لەتائىفۇل مەئارىف، 113 ـ بەت

43 بۇخارى ـ مەغازى 83؛ دارىمى ـ مۇقەددىمە ـ 14

44 قۇرئان كەرىم: ئالى ئىمران سۈرىسى، 114 ـ سۈرە

45 ئەھمەد فەرىد: ۋەفاقات تەربەۋىييە مەئە ئەسسىيرەتىن نەبەۋىييە، 538 ـ بەت

**قازى ئىياز مۇنداق دېگەن: ئىلىم ئەھلى شۇنىڭغا ئىتتىپاققا كەلگەنكى، رەسۇلۇللاھنىڭ قەبرىسى بار يەر يەر يۈزىدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك يەردۇر.[46]**

## 2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلەتلىرى

### مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بەدەن شەكلى ۋە تەققى-تۇرۇقى

**مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ گۈزەل يۈزلۈك، ئەڭ قامەتلىك زات ئىدى؛ بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، بەك پاكارمۇ ئەمەس[47]، ئوتتۇرا بويلۇق ئىدى. ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ ئىدى.[48] ساقىلى قويۇق ئىدى. يۈزى يۇمىلاق ئىدى، ئايدەك (نۇرلۇق ۋە گۈزەل) ئىدى.[49] ئۈستى-بېشىدىن ناھايىتى ئاتلىق خۇشپۇراق كېلىپ تۇراتتى.[50] ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ خۇشپۇرىقىدىنمۇ يېقىملىق خۇشپۇراق پۇراپ باقمىدىم» دېگەن ئىدى.[51]**

**تېنى ئاقىقا مايىل[52]، قەددى-قامەتلىك ۋە بەدەن شەكلى (بەك چوڭمۇ ئەمەس، بەك كىچىكمۇ ئەمەس) ئوتتۇرىھال ئىدى.[53] رەسۇلۇللاھ ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ گۈزەل يۈزلۈك زات ئىدى. مىجەز-خۇلقىمۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ گۈزەل ئىدى.[54] بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «مەن رەسۇلۇللاھتىنمۇ گۈزەل ئىنساننى كۆرۈپ باقمىدىم» دېگەن ئىدى.[55] چېچى تۈپتۈزمۇ ئەمەس، بۈدرىمۇ ئەمەس، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىدى.[56] چاچلىرى قىسقا چاغدا ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا كەلگۈچىلىك ئىدى.[57] چاچلىرى ئەڭ**

---

[46] نەۋەۋى: سەھىھۇل مۇسلىم شەرھى، 6-جىلد، 401-بەت

[47] سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم

[48] سەھىھۇل مۇسلىم، 6019-ھەدىس

[49] سەھىھۇل مۇسلىم، 6037- ھەدىس

[50] مۇختەسەر سەھىھۇل مۇسلىم، 1576-ھەدىس

[51] مۇختەسەر سەھىھۇل مۇسلىم، 1575-ھەدىس

[52] سۇيۇتى: خاسائىس كۇبرا، 1-جىلد، 152-ھەدىس

[53] سەھىھۇل مۇسلىم، 6026-ھەدىس

[54] سەھىھۇل مۇسلىم، 6020-ھەدىس

[55] سەھىھۇل مۇسلىم، 6018-ھەدىس

[56] سەھىھۇل مۇسلىم، 6021-ھەدىس

[57] مۇختەسەر سەھىھۇل مۇسلىم، 1572-ھەدىس؛ سەھىھ مۇسلىم، 6023-ھەدىس

**ئۆزىغان چاغدا ئىككى مۈرىسىگە تېگىپ تۇراتتى.[58] ساقىلى قويۇق ۋە مەيدىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى قاپلاپ تۇرغان هالدا ئىدى.[59] رەسۇلۇللاهنىڭ كالپۇكىنىڭ ئاستىدا، ئىككى چېكىسىدە ۋە بېشىدا ئىنتايىن ئاز مىقداردا ئاقارغان چاچ-ساقال بار ئىدى.[60] چاچ ۋە ساقىلىدىكى ئاقارغان مويلار يىگىرمە تالغىمۇ بارمايتتى.[61] رەسۇلۇللاهنىڭ ئاز مىقداردا ئاقارغان چاچ ساقاللىرى رەسۇلۇللاهنىڭ گۈزەللىكىگە هېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن ئىدى.[62] چاچ-ساقىلىنى مايلىسا چاچ-ساقىلىدىكى ئاقارغان جايلار بىلىنەشمەيتتى. مايلىمىسا بىلىنىشەتتى.[63] دۈمبىسىدە ئىككى دولىسىنىڭ ئارىسىدا[64] كەپتەر تۇخۇمچىلىك چوڭلۇقتا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى.[65] (مۇسلىم 6038)**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

[58] مۇختەسەر سەهىهۇل مۇسلىم، 1571-هەدىس؛ سەهىهۇل بۇخارى، 5903-هەدىس؛ سەهىهۇل مۇسلىم، 6022-هەدىس

[59] شامائىل تىرمىزى، 69-بەت

[60] سەهىهۇل مۇسلىم، 6031-هەدىس

[61] سەهىهۇل مۇسلىم، 6042-هەدىس

[62] سەهىهۇل مۇسلىم، 6032-هەدىس

[63] سەهىهۇل مۇسلىم، 6036-هەدىس

[64] سەهىهۇل مۇسلىم، 6040-هەدىس

[65] سەهىهۇل مۇسلىم، 6038-هەدىس

# ئاپتاپتىن ئەمەس، ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىدىن ساقلىنىڭ







ئۈمىت ئاقتاش

# ئاپتاپتىن ئەمەس، ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىدىن ساقلىنىڭ

دوكتور ئۈمىد ئاقتاش

ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلار توغرىسىدىكى ئەندىشىلەر ئۈزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەمما، سىز بۇ ماددىلارنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە قانغا ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇ نىسبەتەن يېڭى ۋە كىشىنى پەۋقۇلئاددە ئەندىشىگە سالىدىغان بايقاشتۇر.

كىشىلەر دېڭىز ساھىلىغا بارغاندا بەدىنىگە ئاپتاپتىن ساقلاش مېيى سۈركەپ، ئۇنى بىر نەچچە سائەتتە بىر قېتىم يېڭىلاپ تۇرىدۇ. باللارنى ئاپتاپتىن «قوغداش» ئۈچۈنمۇ ئاپتاپتىن ساقلاش مېيىنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ. ئەمما، ئەسلىدە ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسە ئاپتاپ ئەمەس، بەلكى (ئاپتاپتىن ساقلاش مېيىنىڭ تەركىبىدىكى) مەزكۇر خىمىيەلىك، چىرىشتىن ساقلىغۇچى ماددىلاردۇر.

بىز 1980 ـ يىللاردا ئامېرىكادا باشلانغان «ئاپتاپ دۈشمەنلىكى» ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىدۇق ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۆلەيمىز. (ئاساسلىقى ئاپتاپسىنىشنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدىن مەنبەلىنىدىغان) ۋىتامىن D كەملىكىنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ ئېشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىلمىي بايقاشلار مەۋجۇت. بۇنىڭغا ئاپتاپتىن ساقلاش مېيىدىكى زەھەرلىك ماددىلار قوشۇلسا، تولىمۇ ئازابلىنارلىق بىر بايقاش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتەيلى، ئامېرىكادا ئاپتاپتىن ساقلاش مېيىنىڭ يىللىق بازار ئۆلۈشى ئىككى مىليارد دوللار! يەنى ئاپتاپنىڭ زىيىنى توغرىسىدىكى قىرىق يىللىق تەشۋىقات، ئاپتاپتىن ساقلاش مېيىدا ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئىنسانلارغا بولغان تەسىرى تولۇق بىلىنمەستىنلا بازارغا سېلىنغان نۇرغۇن خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ بازىرىنى چىقاردى.

### تېرىدىن قان ئايلىنىشقىچە

ئىككى يىل ئىلگىرىكى بىر ماقالەمدە، ھاۋايىدا تەركىبىدە ئوكسىبېنزون (Oxybenzone) ۋە ئوكتىنوكسېيد (Octinoxate) بار ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىنىڭ چەكلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى يازغانىدىم. دەرۋەقە، 2021 ـ يىلدىن باشلاپ، مەزكۇر ئارالدا بۇ خىمىيەلىك ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىنى ئىشلىتىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى قانۇن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ مارجان خادا تاشلىرىغا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئىدى. ئەگەر كىشىلەر بەدەنلىرىگە سۈرۈپ يۈرگەن بۇ خىل مايلار تېرىدىن ئېقىپ

دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشقاندىن كېيىن، دېڭىزدىكى جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، بېلىقلاردا كۆپىيىش مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، دېمەك بۇ نەرسىلەردە ئېغىر مەسىلە بار دېگەن گەپ.

ئاپتاپتىن ساقلايدىغان خىمىيەلىك مايلاردىكى ئاكتىپلاشتۇرغۇچى تەركىبلەر ئىزچىل بىخەتەر دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى، ئەمما بىز ھازىر ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلدۇق. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، بۇ مايلار تېرە يۈزىدىلا تۇرمايدۇ. يېڭى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتاپتىن ساقلايدىغان خىمىيەلىك مايلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاۋابېنزون (Avobenzone)، ئوكسىبېنزون، ئوكتوكرىلىن (Octocrylene)، ئوكتىنوكسېيد، بېنزوفېنون (Benzophenone)، خوموسالېيت (Homosalate) قاتارلىق ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلار تېرىگە سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن، بەدەنگە سىڭىپ كېتىدىكەن. قىسمەن ئەھۋاللاردا، مەزكۇر ماددىلار بەدەندە نەچچە كۈن، ھەتتا بىر نەچچە ھەپتە تۇرۇپ قالىدىكەن. بۇ مايلارنى بىر قېتىم ئىشلىتىشلا قاندىكى زىيانلىق خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشقا يېتىپ ئاشىدىكەن. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە كۆرە، ئاپتاپتىن ساقلاش مېيىنى بىر قېتىم ئىشلەتكەندە، قاندىكى ئوكسىبېنزون قويۇقلۇقى «ئامېرىكا يېمەكلىك ۋە دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى» تەرىپىدىن «بىخەتەر» دەپ قارالغان مىقدارنىڭ 180 ھەسسىسىگە يېتىدىكەن. ئەگەر تېرىڭىزگە ئۇدا تۆت كۈن ئاپتاپتىن ساقلاش مېيى سۈرسىڭىز، قېنىڭىزدىكى ئوكسىبېنزون مىقدارى بىخەتەر دەپ قارالغان مىقدارنىڭ 500 ھەسسىسىگە چىقىدىكەن.

قەتئىي ھەزەر ئەيلەڭ!

تەتقىقاتلار ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بەزى خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ ھورمون مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇغماسلىققا سەۋەب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ ماددىلار ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھامىلىگە، بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن بولسا، ئانا سۈتى ئارقىلىق بوۋاققا ئۆتىدۇ. «Reproductive Toxicology» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، تەركىبىدە ئوكسىبېنزون بار ئاپتاپتىن ساقلاش مېيى ئىشلەتكەن ھامىلدار ئاياللارنىڭ بوۋاقلىرىدا تۇغما بوغماق ئۈچەيى چوڭىيىپ كېتىش كېسىلىگە (Hirschsprung's Disease) گىرىپتار بولۇش خەۋپى يۇقىرى بولىدىكەن. بۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بوۋاقلار ئۈچەيىنىڭ ئاخىرىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى كەمتۈك ھالەتتە تۇغۇلىدىغان بولۇپ، ئۈچەيى توسۇلۇپ قېلىش قاتارلىق ئەجەللىك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان گۇمانلىق خىمىيەلىك ماددىلاردىن يەنە بىرى بېنزوفېنوندۇر. مەزكۇر ماددىنىڭمۇ خۇددى ئوكسىبېنزونغا ئوخشاشلا ئاياللاردا ھورمون مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇغماسلىققا سەۋەب بولىدىغانلىقى بايقالغان.

«ئامېرىكا بالىلار كېسەللىكلىرى جەمئىيىتى» ئانىلارنى بالىلىرى ئۈچۈن تەركىبىدە ئوكسىبېنزون بار ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىنى ئىشلەتمەسلىككە ئۈندىگەن. بۇ ماددىنىڭ ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىغا ــــ

بولۇپمۇ بوۋاقلار ۋە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىلاردا ـــ كۆرستىدىغان تەسىرى روشەن خەتەر پەيدا قىلىدۇ دەپ قارالماقتا.

گەرچە كۆپىنچە تەتقىقاتلار ئوكسىبېنزون بىلەن بېنزوفېنونغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاپتاپتىن ساقلايدىغان خىمىيەلىك مايلاردا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق ئاكتىپلاشتۇرغۇچى ماددىلاردا ئوخشاشلا يۇقىرىقىدەك خەۋپلەر مەۋجۇتتۇر. بىر قانچە يىل ئىلگىرى، مەزكۇر خىمىيەلىك ماددىلار «ئامېرىكا يېمەكلىك ۋە دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى»نىڭ «بىخەتەر ماددىلار» تىزىملىكىدە بار ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ زور نىسبەتتە قانغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولغان هامان، تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىلدى.

توغرا ئاپتاپسىنىش كۆرسەتمىسى

مەن ۋىتامىن D زاپىسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدىم. ۋىتامىن D كەمچىل بولغاندا، ئىممۇنىتېت كۆچىڭىز زەئىپلىشىدۇ. بارلىق كېسەللىكلەرگە قارشى ئەڭ ئۈنۈملۈك قوغدىغۇچى تېرىڭىزنىڭ قۇياش بىلەن ئۇچرىشىشىدىن هاسىل بولىدىغان ۋىتامىن D دۇر. ئەمما، ئاپتاپتىن پايدىلىنىشنىڭمۇ ئۆزگە تۇشلۇق قائىدىلىرى بار. ئاپتاپسىنىشتىكى مەقسەت، تېرىڭىزنىڭ كۆيۈپ كېتىشى، جىگەرگە ئوخشاش قىپقىزىل بولۇپ قېلىشى ۋە قاپارتمىلار بىلەن تولۇپ كېتىشى ئەمەس، بەلكى ۋىتامىن D زاپىسىنى تولۇقلاشتۇر.

* قانداق ۋاقىتتا ئاپتاپقا قاقلىنىش تولىمۇ مۇهىم: بۇ هەقتە بىزگە قانداق تەلىم بېرىلدى؟ بىزگە تەلقىن قىلىنىشىچە، «بىز چۈشتە ئاپتاپتىن يىراق تۇرۇشىمىز، ئەتىگەندە ۋە چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىقماسلىقىمىز كېرەكمىش». هالبۇكى، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، ۋىتامىن D زاپىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، دەل قۇياش يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، يەنى چۈشتە ئاپتاپقا قاقلىنىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، شۇ سائەتلەردىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇر ۋىتامىن D نى بىرىكتۈرىدۇ.

* ئاپتاپسىنىشتىمۇ ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ هاجىتى يوق: ئاپتاپنىڭ شىپالىق رولىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن يىگىرمە مىنۇت ئاپتاپسىنىش كۇپايىدۇر! بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، تېرىڭىز كۆيىدۇ. لېكىن، ئاپتاپقا قاقلانغاندا تېرىڭىزگە هەرقانداق قوغداش مېيى ياكى ياغ سۈرمەسلىكىڭىز كېرەك. ئاپتاپتىن ساقلايدىغان خىمىيەلىك ماي ۋە ياغلارنىڭ تەركىبىدە هەم زەهەرلىك ماددىلار بار، هەم بەدىنىڭىزنىڭ ۋىتامىن D نى بىرىكتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

* ئاپتاپقا قاقلانغاندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار: ئاپتاپقا قاقلانغاندىن كېيىن بىر نەچچە سائەتكىچە يۇيۇنماڭ. يۇيۇنغاندا سوپۇن ئىشلەتمەستىن، پەقەت سۇ بىلەن چايقىنىشقا كاپالەتلىك قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، تېرە يۈزىدە شەكىللەنگەن ۋىتامىن D ئېقىپ كەتمەستىن، بەدىنىڭىزگە سىڭىپ كىرىدۇ.

*** ئەگەر ئاپتاپتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرىدىغان بولسىڭىز: ئاپتاپتىن ساقلىنىشنىڭ (خىمىيەلىك مايلارنى ئىشلىتىشتەك زىيانلىق ئۇسۇللاردىن باشقا) زىيانسىز ئۇسۇللىرىمۇ بار. ئاپتاپقا قاقلانغاندىن كېيىن، نېپىز ئاق كۆينەك ياكى پاختا مايكا كىيىپ، چېكىلىكى بار شەپكە ياكى شلەپە كىيىۋېلىڭ.**

*** ئاپتاپتىن ساقلاش مېيى ئىشلەتمىسىڭىز قەتئىي بولمايدىغان بولسا، مىنېرال ماددىلار ئاساس قىلىنغان ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرىنى ئىشلىتىڭ: تەركىبىدە سىنىك ئوكسىد ۋە تىتان دىئوكسىد بار، مىنېرال ماددىلارنى ئاساس قىلغان ئاپتاپتىن ساقلاش مايلىرى قۇياش نۇرىنى قايتۇرۇش ئارقىلىق تېرىنى قوغدايدۇ. بۇلار تېرىدىن ئۆتۈپ قانغا سىڭىپ كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن نىسبەتەن بىخەتەردۇر.**

تۈركچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.umitaktas.com/makale/gunesten-degil-koruyucudan-korunun/



# شەيخ ئىبراھىم تۈركىستانى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

شەيخ ئىبراھىم 1906 ـ يىلى قەشقەرگە قاراشلىق پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىل بۇيا يېزىسىدىكى ۋاسىل ئاخۇن قازى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ۋاسىل ئاخۇن، بوۋىسى ئىبراھىم داموللام ۋە ئۇلۇغ بوۋىسى مۆمىن ئاخۇن خەلپىتىملەر ئىزچىل قىزىل بۇيا جامەسىدە ئىماملىق قىلىپ كەلگەن ئۈچ ئەۋلاد دىنىي ئۆلىمالار ئىدى. ۋاسىل ئاخۇن مەزكۇر ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىبراھىم داموللامغا ئوخشاشلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان. دەرۋەقە بۇ ئوغۇل كېيىنچە بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان ھىممەتلىك ۋە پولات ئىرادىلىك مەشھۇر زاتلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا، دادىسىغا ئەگىشىپ، مەسچىت ۋە مەدرىسىلەردە يېنىدىن ئايرىلماي، نۇرغۇن دىنىي بىلىملەرنى ۋە مەلۇماتلارنى كىچىك ۋاقتىدىلا ئىگىلەپ بولغان. دادىسى ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى بىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى تۆرلىرى بويىچە ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، پارس تىلىنىمۇ ئۆگىتىپ قويغان. ياش ئىبراھىم تېخى بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا، دادىسى يوق چاغلاردا جامائەتكە ئىمام بولۇشتىن سىرت، ئۆزى مۇستەقىل ئەرەبچە جۈمە خۇتبىسى تەييارلاپ، شۇنى جامائەتكە ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇ 17 ياشتىلا ئەنە شۇنداق يۇقىرى سەۋىيەنى ھازىرلاپ بولغانىدى.

نەتىجىدە، ئۆزىدە ئەمدى زېرەك ئوغلىغا ئۆگەتكۈدەك ھېچنىمە قالمىغانلىقىنى سەزگەن دادا نائىلاج ئوغلىنىڭ تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇش تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، 1925 ـ يىلى كۈزدە ئوغلىنى سىياسىي ۋەزىيەتتى يەنىلا قاتتىق داۋالغۇپ تۇرغان ھىندىستانغا ئۇزىتىپ قويغان. ئىبراھىم ھىندىستانغا 1926 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال يېتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا دىنىي مەكتەپلەر ئاللىبۇرۇن تەتىل باھانىسىدە تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، 1924 ـ يىلىدىكى ھىندىستان زور قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ھېلىھەم تولۇق ئۇنتۇلمىغان ئىدى. دېھلىدا ئوقۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانغان ياش قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەستىن، رامىزان ئېيى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاچ، ئوقۇيدىغان مەدرىسىنى تاللاش ئۈچۈن مەككىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ 1926 ـ يىلى 14 ـ مارت رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنىدىن تاكى شۇ يىلى 22 ـ ئىيۇن قۇربان ھېيتقىچە بولغان ئۈچ ئاي ۋاقتىنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بەيتۇللاھتا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قۇربان ھېيتتىن كېيىن مەدىنىدە ئوقۇشنى قارار قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئاز ساندىكى مەشھۇر زاتلار بىلەن بىللە ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ دىنىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە سىياسىي كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھەيران قېلىشقان. 1931 ـ يىلى مەدىنىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن شەيخ ئىبراھىم باشقىلاردەك تەييارغا ھەييار بولۇپ جان ساقلاشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماي، ھالالدىن تىرىكچىلىك قىلىش

يولىنى تاللىغان. ئۇ ئۆز ئاتا كەسپى بولغان خارەتلىك (ياغاچچىلىق) كەسپى ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىماقچى بولغان. ئۇ ھەر كۈنى ئالتە سائەت ئۇدا چوڭ تۆمۈر ھەرە بىلەن توختىماي ياغاچ ھەرىدەپ، قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن. ئەرەبىستاندىكى ئاخىرقى تۆت يىللىق مۇساپىرچىلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق قاتتىقچىلىق بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ قىلچە ۋايىسىمىغان ۋە ئۈمىدسىزلەنمىگەن. ئەكسىچە تۆت يىل ئىچىدە ھەر كۈنلۈكى ئاران تۆت قىرىش (سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئەڭ كىچىك پۇل بىرلىكى) پۇلغا ئىشلەپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا 1935 ـ يىلى ئۆز چىقىمىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ، مىسىردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى دىنىي بىلىمجۇغلانمىسى ۋە زېرەكلىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ، 1939 ـ يىلى شەرىئەت بىلىملىرى، قازىلىق، ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى، ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى پەنلىرىگە ئوخشاش دىنىي پەنلەردىلا ئەمەس، بەلكى ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە پەلسەپە قاتارلىق پەنلەردىمۇ «ئەلىيۇلئەلا» (ئەرەبچە ممتاز جدا) بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بۇ نۇقتىدىن ئۇنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى نومۇر ۋە ئەڭ يۇكسەك دەرىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۇ ئوقۇغۇچى مەزگىلىدىلا ئۆز تالانتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان بولۇپ، دىنىي ئوقۇشتىن باشقا سىياسىي ساھەدىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق ياش ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ئىسپاتلىغان. ئۇ 1938 ـ يىلى مىسىر پادىشاھى ۋە ئەزھەر تەرەپىنىڭ غەمخورلۇقىدا تەشكىللەنگەن «تۈركىستان شېھىتلىرىگە تەزىيە»ناملىق چوڭ يىغىلىشتا دۆلەت ئەركانلىرى ۋە پۈتۈن مىسىرنىڭ تونۇلۇك كاتتىۋاشلىرى ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن كىشىنى ھەم قاتتىق قايغۇغا سالىدىغان ھەم كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغان زور ھەجىملىك مەرسىيەسىنى جاراڭلىق ۋە تەسىرلىك يادلاپ ئۆتكەن. نەتىجىدە پۈتۈن مىسىردىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ۋە نەشر ئەپكارلىرى 32 ياشلىق ئۇيغۇر ياش ئوغلانى ئىبراھىم ۋاسىل ھەققىدە خەۋەر ئىشلەپ، بىر مەيدان تۈركىستان داغدۇغىسىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. چۈنكى، 1933 ـ يىلدىن بۇيان مىسىرلىقلارنىڭ تۈركىستان بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە باغلىنىشى ئاساسەن ئۈزۈلگەن ئىدى. مەزكۇر يىغىنمۇ 1936 ـ يىلى ستالىن غەربىي تۈركىستاندا باشلىغان چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتى جاللات شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا باشلىغان چوڭ تازىلاش ھەرىكىتىدە ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن مىليونلىغان تۈركىستانلىق ئەزىمەتلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئېچىلغانىدى. شەيخ ئىبراھىم باشلاپ بەرگەن بۇ ھاياجاننى ئۇزاق ئۆتمەي چىڭگىزخان داموللام يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن. ھەر ئىككى ئەزىمەت ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنىنى ئەرەب خەلقىگە تونۇتۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىقتىدارىنى ئىشقا سالغان. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مىسىرنىڭ شۇ چاغدىكى داڭلىق تەپسىرشۇناس ئالىمى تەنتاۋىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ «جەۋھەرى تەنتاۋى» ناملىق تەپسىرىنى يېزىپ چىقىشىغا ھەمدەمدە بولۇپلا قالماي، «يەجۇج ـ مەجۇج» ئاتالغۇسى ھەققىدە ئۇنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن.

شەيخ ئىبراھىم مۇستەملىكە ئاستىغا قالغان بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى تاجاۋۇزچى ۋە ئىمپېرىيال كۈچلەرگە بىردەك قارشى ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ 1926 ـ يىلى ھىندىستان

مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە كۈچلۈك ھېسداشلىق قىلغىنىغا ئوخشاشلا، مىسىرنى بېسىپ ياتقان ئېنگلىزلارغا قارشى يەرلىك ئەرەب ۋەتەنپەرۋەرلىرىگە ئىزچىل ئاشكارا ھېسداشلىق قىلغان. ئۆزى ئۇيغۇر تۇرۇپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئەرەب خەلقىگە ئەمەلىي ھېسداشلىق قىلىۋاتقان بۇ ياش تېزلا 1926 - يىلى مىسىرنى مۇستەملىكىدىن تولۇق ئازاد قىلىش ئىستىكىدە قۇرۇلغان داڭلىق «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ دىققىتىنى تارتقان. نەتىجىدە شەيخ ئىبراھىم مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ ئاتامانى شەيخ ھەسەنۇل بەنىنانىڭ ئىشەنچلىك سىرداشلىرىدىن بولۇپ قالغان. 1948 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى پارتلىغاندا، شەيخ ئىبراھىم ئالدىنقى سەپكە بارماقچى بولغاندا، مەزكۇر ئۇيۇشما ئۇنىڭدەك توشقان ئەللامىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئارقا سەپ ئىشلىرىغىلا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە بارغۇزمىغان. 1948 - يىلى ھازىرقى پەلەستىن ئىسرائىلىيەنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۇچراپ ئۇزاق ئۆتمەي، 1949 - يىلى بىپايان شەرقىي تۈركىستان زېمىنى پۈتۈنلەي قىزىل خىتاينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللار شەيخ ئىبراھىمغا قاتتىق روھىي زەربە بولغان. ھەسەنۇل بەنىنا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندە، ھەتتا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ دەپنە قىلىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىغان چاغدا، قورقماس شەيخ ئىبراھىم ئۆزى تۇنجى بولۇپ، شەيخنىڭ مېيتىنى كۆتۈرۈپ دەپنىگاھقا قەدەر ئېلىپ بارغان.

1949 - يىلدىكى ئىشغالىيەتتىن ئىچى تىتىلداپ تۇرغان شەيخ ئىبراھىم پەلەستىن مۇپتىسى ھاجى مۇھەممەدئەمىن ئەل ھۈسەينى باشچىلىقىدا قاھىرەدە قۇرۇلغان «مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش فرونتى» غا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى بىلەن تېزلا فرونت تەرىپىدىن 1953 - يىلى ئىسلام دۇنياسى ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مۇھىم دۆلەت سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللىككە تەيىنلەنگەن. ئەرەبىستاندا تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر نەچچە ساھەسىدە سېكرېتارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان. بۇ جەرياندا پادىشاھ سۇئۇد ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىلەن كۆرۈشۈپ، شاھانە كىيىم - كېچەك، ئالتۇن سائەت ۋە باشقا مېداللىيونلار بىلەن تارتۇقلانغان.

ئۇ 1953 - يىلدىن باشلاپلا «تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق ژۇرنالنى چىقىرىپ، ئەرەب خەلقىگە ۋە سىياسىيونلىرىغا نۆۋەتتىكى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلارنى ئەمەلىي ياردەم قىلىشقا چاقىرغان. 1954 - يىلدىن باشلاپ مەزكۇر ژۇرنال مەخسۇس ۋە مۇنتىزىم شەكىلدە ئەرەبىستان ئىچىدە ئىزچىل نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن شەيخ يۇنۇس ۋە پۈتۈن تۈركىستان مۇساپىرلىرىنىڭ ۋەكىلى ئابلەھەت كامىل ۋە ئۇنىڭ مىسىردىكى ئۇستازى بولغان تۈركىستان ئوغلانى مۇبەششىر تارازى (بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ نەۋرىسى) قاتارلىقلارنىڭ كۈچىشى بىلەن ئەرەب ئەللىرىدە ياقتۇرۇپ ئوقۇلىدىغان ژۇرنالغا ئايلانغان.

بىراق ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ئىلگىرى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ ياردىمىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان جامال ئابدۇناسىر ئۇزاق ئۆتمەي، 1954 - يىلى 14 - يانۋار مەزكۇر ئۇيۇشمىنى

قانۇنسىز دەپ جاكارلاپ مەجبۇرىي تارقىتىۋەتكەن. 1964 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مىسىردىكى بارلىق نوپۇزلۇق ۋەكىللىرى تۇتقۇن قىلىنىپ، ھېتلېردىن قېچىپ قالغان جازا لاگېرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تۆرلۈك قىيىن ـ قىستاق ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قاتتىق خورلانغان ۋە نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا قاھىرەگە بىمەھەل قايتىپ كەلگەن شەيخ ئىبراھىممۇ خەتەر ئىچىدە قالغان. زېرەك شەيخ مىسىردىكى ۋاقتىدا بارلىق خەت ـ ئالاقە ۋە شەخسىي مۇناسىۋەتلەردىن بىر مەزگىل ئۆزىنى تارتىپ خىلۋەتتە ياشىغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋېلىپ، پەيزىۋاتتىكىگە ئوخشاشلا دېھقانچىلىق قىلىپ ياشىغان. گەرچە ئۇ 1940 ـ يىللىرىدا تىجارەت يولىغا قەدەم قويۇپ، توقۇمىچىلىق كارخانىسى ۋە ياغاچچىلىق كارخانىسىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز ۋەتىنى ۋە ئىككىنچى ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن بارلىق پۇل ـ پۈچەك ۋە ھالاۋەتلىك تۇرمۇشتىن ۋازكەچكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ يەنىلا ئاددىي بىر دېھقان سۈپىتىدە مىسىردەك يىراق بىر ئەلدە يەر تېرىپ ياشاشقا مەجبۇرلانغان.

1964 ـ يىلى مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ بىر قىسىم غوللۇق رەھبەرلىرى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەيخ ئىبراھىممۇ مىسىر بىخەتەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن 1969 ـ يىلىغا قەدەر مىسىردىن چىقىپ كېتىشى چەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ قارا تىزىملىكى ئىچىگە كىرىپ قالغان. ئۇنىڭ تەلىيىگە 1969 ـ يىلى جامال ئابدۇناسىر ئۆلگەن. دەل شۇ چاغدا ئىئوردانىيەلىك بىر ھەربىي ئوفىتسېر مىسىرلىق بىر چوكان بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ، ئۇ چوكاننى ئىئوردانىيەگە بىللە كۆچۈرۈشۈپ بېرىدىغان ئىشەنچلىك ئادەمگە ئېھتىياجى چۈشكەندە، شەيخ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشۇ باھانىدە مىسىردىن ئايرىلماقچى بولغان. ئۇنىڭ تەلىيىگە تويلاشماقچى بولغان چوكان ئۇنىڭ خوشنىسىنىڭ قىزى، ئۇنى ئالماقچى بولغان ئوفىتسېرنىڭ ئۇكىسى ۋىزا بېرىدىغان ئورگاندا ئىشلەيتتى. شۇڭلاشقا ھەممىيلەن بىردەك بۇ شەيخنى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا 15 كۈنلۈك ۋىزا قويىدۇرۇپ، ئىئوردانىيەگە بېرىشى ئۈچۈن يول ئاچقان. شەيخ بۇ ھەقتە ئۆز خوتۇنىدىن رازىلىق ئېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە مىسىردىن ئۇتۇقلۇق چىقىپ كەتكەن. ئىئوردانىيەدىكى تۇرۇش مۇددىتى توشۇشقا ئاز قالغاندا شەيخ دەرھال سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئامماندىكى كونسۇلىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۆمرە ۋىزىسى بىلەن جىددە شەھىرىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقدىشى مۇھەممەد ئۆمەر تەۋپىق بىلەن ئالاقىلاشقان. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بۇ چاغدا دۆلەتنىڭ قاتناش مىنىستىرى ئىدى. ئۇ شەيخكە بىر كۈن ئىچىدىلا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن دائىملىق تۇرۇش رۇخستى ۋە ئىشلەش رۇخستى چىقارغۇزۇپ بەرگەن. شەيخ ئىبراھىم تۇنجى بولۇپ مىسىردىكى ئايالىنى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئەكېلىۋالغان. ئۇ بۇ ئايال بىلەن 1944 ـ يىلى مىسىردا توي قىلغان بولۇپ، ئۇ ئايالمۇ قەشقەرنىڭ ئېسىلزادە بىر جەمەتىدىن بولغان ئۇيغۇر ئايال ئىدى. گەرچە شەيخ ئىبراھىم 44 يىللىق ھاياتىدا ئۇنىڭدىن بىرمۇ بالىلىق بولالمىغان بولسىمۇ، بىراق سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ باشقا خوتۇن ئالمىغان. ئەرەب يېقىنلىرى ئۇنى مىسىرلىق ۋە پەلەستىنلىك ئاياللار بىلەن ئۆيلەپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ سىلىق رەت قىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى چەتئەلدە ھېچقانداق بىر مىللەتكە سىڭىشىپ تۈگەپ

كەتمەستىن، ئەكسىچە ئانا يۇرتىغا ئۇيغۇر پېتى قايتىش ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئارزۇ پېتى قالدى.

مىسىردىكى تۇرغاقلىق ھاياتىدىن خالاس بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ جەرياندا تارتقان قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتلەر دەستىدىن شەيخنىڭ كۆزىدىن چاتاق چىقىپ، شۇ چاغدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە نەچچە قېتىم بېرىپ، كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلغۇزۇپ تۇرغان. كېيىنچە ياشانغانسىرى ئۇنىڭ يۈرىكى ۋە مېڭىسى 1970 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجىئەلىرىگە قارشى چارە تەدبىر تېپىش يولىدا تولا ئۇپراپ، ئاخىرىدا مېڭىسىدىن مەسىلە چىققان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىدا پاناھلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق كۆرەش قىلىشقا ۋە ئۇيغۇرلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا دەۋەت قىلغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ تەشكىلاتچىلىق تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھازىرقى تۈركىيە تەۋەسىدە ياشاۋاتقان دىنىي زاتلار ۋە دىنىي تالىپلارغا كېلىدىغان تۈرلۈك ياردەم فوندىنىڭ ئۇلىنى سالغان. تولىمۇ ئەپسۇس، شۇ يەردىكى ئەرەبلىشىپ كېتىشنى شۇ زامانىنىڭ تەقەززاسى دەپ قارايدىغان مىللىي كىملىك تۇيغۇسى يوق دېيەرلىك چالا ساۋات نادانلار بىرلىشىپ، ئالىمغا جىق دەشنامىلارنى ۋە يامانلىقلارنى قىلىپ، ھەر تۈرلۈك سورۇنلاردا ئۇنىڭغا كاشىلا پەيدا قىلىپ، ھاقارەتلەپ،ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئىشقىلىپ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە يامانلىقلارنى قىلىپ ئۇنى مەيداندىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولغان. ئۇلار ھەتتا ئالىم قاتتىق ياشىنىپ قالغاندا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىرەر ياخشى ئادەمنى ياللاش ئىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىشقان. شەيخنىڭ شۇ يەرلىك ئەرەب دوستلىرى بۇلارنىڭ پەس قىلىقىدىن ھەم ھەيران بولۇپ ھەم لەنەت ئوقۇپ، ساۋاقدىشىنى 1987 ـ يىلى باھاردا تائىفتىكى دۆلەتكە قاراشلىق ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە جايلاشتۇرغان. پۈتۈن ئۆمرىنى بىلىم ئېلىش، ئىلىم ئۆگىتىش، تاجاۋۇزچىلىققا ۋە مۇستەملىكچىلىككە قارشى قۇتلۇق كۆرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ گىگانت شەخس بۇ يەردە بىر يىلغا يېقىن ياشاپ، ھىجرىيە 1408 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مىلادىيە 1988 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يەكشەنبە، ئانا ۋەتىنىدىن تۈمەن چاقىرىم يىراقلىقتىكى تائىف شەھرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ھەزرىتى ئىبنى ئابباس مازىرىغا دەپنە قىلىنغان. شۇ يىلى يازدا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سىردىشىش ۋە دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەجگە يېتىپ كەلگەن قەشقەرنىڭ بىر قىسىم دىنىي مۆتىۋەرلىرى ئالىمنىڭ بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق قايغۇرۇشقان. شۇندىن بېرى قەشقەرلىك ھاجىلار ھەجگە بارغاندا چوقۇم ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيالláھۇ ئەنھۇنىڭ مازارلىقىنى زىيارەت قىلىپ قايتىشنى ئادەت قىلغان. چۈنكى بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدا ئاتىمىش نەچچە يىللىق ئۆمرىنى ھۆرلۈك، ئازادلىق ۋە مەزلۇملۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن جان بېقىپ، تەييارغا ھەييار جانباقتىلارنىڭ تۈرلۈك ناچارلىقلىرى ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە سەۋر قىلىپ ياشاپ، ئاخىرقى ئارزۇسى بولغان ئانا يۇرتىغا غالىپ ۋە زەپەر قۇچۇپ قايتىش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئارمان بىلەن كېتىپ قالغان گىگانت مۆتىۋىرى ياتاتتى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى بولغان قۇتلۇق يۇرتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ 1938 ـ يىلدىكى نۇتۇق قابىلىيىتى، 1940 ـ يىللاردا

**مىسىردا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيەتلىرى ۋە 1950 ـ يىللاردىكى ئوتتۇرا شەرق ئەرەب ئەللىرىدە قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرى ئارقىلىق، ۋاقتى سائەتتى كەلگەندە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانداقتۇر دۆت، كالۋا ۋە دۇنياغا يۈك ئەخلەت خەلق ئەمەس، بەلكى ئەرەب ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى ۋە قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرەلىدى. زاماندashلىرىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، تېگىشلىك ھۆرمىتىنى قىلىشتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئومۇمىي سانى 100 مىڭغا يەتكەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئۇيغۇرلىرى يېقىنقى ئەللىك يىل ئىچىدە ئاساسەن ئەرەبلىشىپ تۈگىدى. ئۇلاردىن بىرسىمۇ مەزكۇر ئالىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بولسىمۇ خاتىرىلەپ قويۇشقا يارىمىدى. ئاخىرىدا يەنىلا ھاياتى بويى ئۆز ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان يەنە بىرقەشقەر ئوغلانى مۇھەممەد قاسىم ھاجىم مەزكۇر ئالىمنى ھايات ۋاقتىدا پات ـ پات يوقلاپ، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ئالىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى.**

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز «بىر قىسىم تۈركىستان ئەزىمەتلىرى» ناملىق ئەسەردىن تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدى

# ئاتا-ئانىلارنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرى بالىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟





رېچېل يەھۇدا

# ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئازابلىق كەچمىشلىرى بالىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

رېچىل يەھۇدا

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ قوشماق بىناسى تەشۋىش ۋە ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە يىقىلغاندىن كېيىن، مانخوتتوندىكى ئىكان تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ كلىنىكا دوختۇرلىرى شۇ كۈنى ۋەقە يۈز بەرگەن رايوندا تۇرغانلارنىڭ زەھەرلەنگەن ـ زەھەرلەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرمەكچى بولغان. تەكشۈرتۈشكە كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا 187 نەپەر ھامىلدار ئايالمۇ بار ئىدى. بىر خىزمەتدىشىم مەندىن شۇلارغا دىياگنوز قويۇشنى ۋە ئۇلارنى كۆزىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. چۈنكى، بۇ ئاياللارنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا (PTSD) گىرىپتار بولۇش خەۋپى بار ئىدى. يەنى شۇ قېتىملىق ۋەقە سەۋەبىلىك، شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇلاردا قورقۇنچلۇق كەچمىشلەرنىڭ تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا زاھىرلىنىشى، قارا بېسىش، ھېسسىي سېزىمسىزلىك (numbness) قاتارلىق پسىخولوگىيەلىك ئالامەتلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ھامىلە بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرامدۇ، يوق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە ئىدى.

مېنىڭ روھىي زەربىنى تەتقىق قىلىش ئەترىتىم بۇ ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى داۋالاش ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە تىببىي خادىملارنى تەربىيەلىدى. بىز ئۇلارنى ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزچىل كۆزەتتۇق. ئۇلارنىڭ تۇغقان بالىلىرى نورمال ئەھۋالدىكى بالىلاردىن كىچىك ئىدى ۋە بۇ دۇنيا سودا مەركىزىگە قىلىنغان ھۇجۇمدىن مەنبەلەنگەن روھىي زەربىنىڭ ھامىلىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ تۇنجى ئىپادىسى ئىدى. ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىز 38 نەپەر ئايالنى ۋە ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرىنى تەكشۈردۇق. پسىخولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ ئانىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا، «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان بۇ ئاياللارنىڭ بەدىنىدىكى، بېسىمغا ئالاقىدار كورتىزول (cortisol) ھورمۇنىنىڭ سەۋىيەسى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ۋە تەشۋىشكە سالىدىغىنى شۇكى، «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان بۇ ئاياللارنىڭ توققۇز ئايلىق بولغان بالىلىرىنىڭ شۆلگىيىدىكى كورتىزول مىقدارىمۇ تۆۋەن ئىدى. بولۇپمۇ، «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىگە شاھىت بولغاندا ھامىلدارلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللارنىڭ بالىلىرىدا بۇ خىل تەسىر ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك ئىدى. شۇنىڭدىن بىر يىل

ئىلگىرى مەن يېتەكچىلىك قىلغان بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىدا، يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغانلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەن باللىرىنىڭ تېنىدىكى كورتىزول مىقدارىنىڭمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدى، لېكىن بىز بۇنى «قاتتىق روھىي زەربىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاسارىتىدە ياشىغان ئاتا-ئانىلار تەرىپىدىن بېقىپ چوڭ قىلىنغانلىق»نىڭ نەتىجىسى دەپ قارىغانىدۇق. لېكىن، (ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە) بۇ باللار تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا ئاتا-ئانىسى باشتىن كەچۈرگەن روھىي زەربىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدەك قىلاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، مېنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپامنىڭ ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتلىرى سەلبىي كەچۈرمىشلەرنىڭ خىلمۇخىل ئۇسۇللاردا كېيىنكى ئەۋلادقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەلىللىدى. بۇنىڭ (يەنى باللارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ) ئىچىدە ئەڭ كۆرۈنەرلىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ قىلمىشى ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن، ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى تەسىرلەرنىڭ، ھەتتا تۇخۇم ۋە ئىسپېرمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭمۇ تەسىرى بار ئىدى.

ئاتا-ئانىلار باشتىن كەچۈرگەن روھىي زەربىنىڭ باللارنىڭ روھىي مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىش خەۋپىنى كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىغا ئالاقىدار مەزكۇر بايقاشلارنىڭ تەسىرى تولىمۇ قورقۇنچلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، روھىي زەربىگە ئۇچرىغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىكى بۇ خىل ئىنكاسىنىڭ ئۇلارنىڭ مۈشكۈلاتقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ماسلىشىش ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلارمۇ مەۋجۇت.

مەن 1990-يىللاردا كىلىنىكىلىق ئەندىكى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغۇچىلارنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، روھىي زەربىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدىغانلىقىغا تۇنجى قېتىم دىققەت قىلغانىدىم. بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى تەتقىقاتىمىز مۇشۇ تۈردىكى تەتقىقاتلارنىڭ تۇنجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاراتقۇلار تەرىپىدىن بەس-بەستە خەۋەر قىلىنغانىدى. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەيلا، مەن «سىنا تېغى» دوختۇرخانىسىدىكى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالدىم. بۇ مەركەز ئاساسلىقى كەسپىي پىدائىيلاردىن تەركىب تاپقانىدى. مەركىزىمىزگە توختىماي تېلېفون كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، تېلېفون قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغۇچىلار بولماستىن، كۆپىنچىسى شۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جوسېف ئىسىملىك بىرەيلەن مېنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرنى تەتقىق قىلىشىم كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، «مەنمۇ يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىنىڭ قۇربانى» دېگەنىدى.

ھالبۇكى، جوسېف مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، ئالدىقاندىق ۋەقەنىڭ «قۇربانى»دەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قىممەت باھالىق كاستيۇمنى قاتۇرۇپ كىيگەن، كېلىشكەن ۋە پۇلدار بانكىر ئىدى. لېكىن، جوسېفنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ ھەركۈنى بېشىغا بىرەر بالا-قازا كېلىدىغاندەك گۇڭگا تەشۋىش ئىچىدە ياشايدىكەن ۋە ئۆزىنى يا قېچىپ كېتىشكە، يا بولمىسا ھاياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇردەك

ھېس قىلىدىكەن. ئۇ يىگىرمە ياشلىرىدىن باشلاپلا ئەڭ يامان ئەھۋالغا تەييارلىنىپ ياشاۋاتقان بولۇپ، ھەر ۋاقىت يېنىدا نەق پۇل ۋە ئۆنچە ـ مارجانلارنى ساقلايدىكەن، شۇنداقلا بوكس ۋە چامباشچىلىققا ماھىر ئىكەن. ھالبۇكى، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلگەن مەزگىللەردە تۇيۇقسىز ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان ۋە دائىم قارا باسىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بۇنىڭغا بەلكىم (شۇ چاغدا يۈز بېرىۋاتقان) بوسنىيەدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

جوسېفنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاشۋىتىس (Auschwitz) يىغىۋېلىش لاگېرىدا بىر قانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، مەلۇم بىر سەرگەردانلار لاگېرىدا تونۇشقانىكەن. كېيىن ئۇلار يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ھالەتتە ئامېرىكاغا كەپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى كۈندە 14 سائەت خىزمەت قىلىدىكەن، تولىمۇ ئاز گەپ قىلىدىكەن ۋە ئۇرۇش توغرىسىدا پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدىكەن ـ يۇ، لېكىن ھەر كېچىدە دېگۈدەك، قاباھەتلىك چۈشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغانغان چاغدىكى چىرقىراشلىرى سەۋەبلىك ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىۋېتىدىكەن. جوسېفنىڭ ئاپىسى بولسا ئۇرۇش ھەققىدە، جۈملىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىلىق توختىماي سۆزلەيدىكەن. ئۇ ئوغلىنى ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقىشقا بەل باغلىغانىكەن. لېكىن، ئوغلىنىڭ (يەنى جوسېفنىڭ) بويتاق ئۆتۈش قارارى ۋە پەرزەنتسىزلىكى ئۇنى تولىمۇ تېرىكتۈرىدىكەن. ئۇ جوسېفقا: «مەن ئاشۋىتىس لاگېرىدىن ‹ئۆز پەرزەنتىم جەمەتىمىزنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋەتسۇن› دەپ ئامان قالغىنىم يوق. سېنىڭ مەن ۋە تارىخ ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭ بار» دەيدىكەن.

كېيىن، بىز جوسېفقا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر، يەنى يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغانلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلار تەشۋىش، ھەسرەت، ئۆكۈنۈش، فۇنكسىيەسىنى يوقاتقان مۇناسىۋەتلەر ۋە يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىغا ئالاقىدار كۆرۈنۈشلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. جوسېفنىڭ ئېيتقىنىدەك، دەرۋەقە مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى تەتقىق قىلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، بىزگە تېلېفون قىلغانلارنىڭ ھەممىسى (تەتقىقاتقا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان بولماستىن) ئۆزلىرى خالاپ تەتقىقاتقا قاتنىشىدىغانلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۆزىمىز يېقىندىلا كىلىنىكىلىق تەتقىق قىلغان يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەتقىق قىلىشنى قارار قىلدۇق. تەتقىقات نەتىجىسى تولىمۇ روشەن ئىدى. ئامان قالغۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كەيپىيات ۋە تەشۋىش بىنورماللىقىغا، شۇنداقلا «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا دۇچار بولۇش نىسبىتى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ نۇرغۇنىنىڭ تېنىدىكى كورتىزول سەۋىيەسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. يۇقىرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تېنىدىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋالنى بايقىغاندۇق.

ئۇنداقتا، بۇ بايقاشلار زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، روھىي زەربە، كورتىزول ۋە «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى» ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق ئىزاھلاش كېرەكلىكى ئىزچىل ھالدا مېنىڭ ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كەلدى. 1920 ـ يىللاردا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن «كۈرەش قىلىش ياكى قېچىش»تىن (fight ـ or ـ flight) ئىبارەت كىلاسسىك ئىنكاس

ئەندىزىسىگە كۆرە، تەھدىتلىك ھادىسىلەر بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى ۋە كورتىزولغا ئوخشاش بېسىم ھورمونلىرىنىڭ ئاجرىلىشىغا تۈرتكە بولاتتى. ئاندىن ھورمونلار تومۇر سوقۇشىنىڭ تېزلىشىشى ۋە سەزگۈلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى قاتارلىق بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، تەھدىتكە ئۇچرىغان ئادەم ياكى ھايۋاننى پۈتۈن زېھنىنى كۆز ئالدىدىكى خەتەرگە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. مەزكۇر ئەندىزىدە: «خەتەر يوقىغان ھامان ئىنسان بەدىنىدىكى بۇ خىل جىددىي تەسىرلەرمۇ توختايدۇ» دەپ قارىلاتتى.

ھالبۇكى، 1980 ـ يىلى، ۋىيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان سابىق ئەسكەرلەرنى داۋالىغان روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى ۋە باشقا قوللىغۇچىلار ئۇزۇن مەزگىللىك «كۈرەش»تىن كېيىن، «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»نى «روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئىستاتىستىكىلاش قوللانمىسى»نىڭ (Diagnostic and Statistical Manual of Mental Disorders ــــ «ئامېرىكا روھ تىبابىتى جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان، ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەردە روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان يېتەكچى قوللانما، ت) ئۈچىنچى نەشرىگە كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولىدى. بۇ روھىي زەربىنىڭ تەسىرىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ تۇنجى قېتىم رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشى ئىدى. لېكىن، «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا قويۇلغان دىياگنوز ھەققىدە تالاش ـ تارتىشلار مەۋجۇت ئىدى. نۇرغۇن پسىخولوگلار «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»نى «روھىي كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئىستاتىستىكىلاش قوللانمىسى»غا كىرگۈزۈشكە ئىلىم ـ پەن ئامىلى ئەمەس، بەلكى سىياسىي ئامىل سەۋەب بولغان، دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دەپ قارىشىنىڭ قىسمەن سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئەينى چاغدا تەھدىت يوقالغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ بەدەنگە قايسى رەۋىشتە ئۇزۇن مۇددەت تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا تېخى ئىلمىي شەرھلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

بۇ خىل مۇجمەللىكنى كۈچەيتىۋەتكىنى شۇ بولدىكى، ۋىيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان سابىق ئەسكەرلەرگە قارىتىلغان تەتقىقاتتىن كىشىنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىدىغان نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېيىل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نېرۋا ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرىدىن جون ماسون (John Mason)، ئېرل گىللېر (Earl Giller) ۋە توماس كوستېن (Thomas Kosten) ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە شۇنى ئېلان قىلدى: «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان سابىق ئەسكەرلەرنىڭ تېنىدىكى بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونىنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما كورتىزولنىڭ سەۋىيەسى باشقا خىل روھىي كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. ئادەتتە، بېسىم كورتىزولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بېسىم ھورمونلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىتا گۇمانىي پوزىتسىيەدە بولغانىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە يېيىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىردىم ھەمدە باشقا بىر تۈركۈم ۋىيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان سابىق

ئەسكەرلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، كورتىزول مىقدارىنى ئۆلچەش ئۈچۈن باشقىچە ئۇسۇل قوللاندىم. لېكىن، مېنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، مەن ئېرىشكەن نەتىجە ئۈلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەن بەش كىشىلىك تەتقىقات گۇرۇپپامدىكىلەر بىلەن بىللە مەركەزدىن قاچۇرۇش ماشىنىسى (centrifuge) ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ، كىلىنىكىدا بىرنەچچە باردىم. بىز ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، كوندۇزى ئۆيمۇئۆي قاتراپ، كىشىلەرنى زىيارەت قىلدۇق. ئاخشىمى قايتىپ كېلىپ قان ۋە سۈيدۈك ئەۋرىشكىلىرىنى تەكشۈردۇق. ھالبۇكى، بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىمۇ ئوپئوچۇق ئىدى: يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغانلارنىڭ يېرىمى «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كورتىزول سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەن ئىدى. شۇنىسى شەكسىزكى، بۇلار باشتىن كەچۈرگەن روھىي زەربىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە نۇرغۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى» بىلەن كورتىزولنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ھالدا داۋاملىشىۋاتاتتى.

لېكىن، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ (يەنى نورمال ئەھۋالدا بېسىم كورتىزولنى ئۆرلىتىۋېتىدىغان تۇرۇقلۇق، بۇلارنىڭ تېنىدىكى كورتىزول سەۋىيەسى نېمىشقا تۆۋەن بولىدۇ؟) زادى روھىي زەربە كورتىزولنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەب بولغانمۇ؟ ياكى كورتىزولنىڭ تۆۋەن بولۇشى كىشىلەرنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇشىغا سەۋەب بولغانمۇ؟ 1984 ـ يىلى، گېيسېل تىببىي ئىنستىتۇتىدىكى ئالان مانك (Allan Munck) ۋە باشقا تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان بىر يەكۈن بۇ ھەقتىكى مۇھىم يىپ ئۇچىلىرىدىن بىرى بولدى. ئۇلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بېسىم ھورمونلىرى ئارىسىدا، كورتىزول ئالاھىدە تەڭشىگۈچىلىك رولىغا ئىگە ئىكەن. نورمال ئەھۋالدا، ئەگەر كۆپ مىقداردىكى بېسىم ھورمونلىرى بەدەندە ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، خىلمۇخىل شەكىلدە بەدەنگە زىيان يەتكۈزىدىكەن. جۈملىدىن، كىشىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بەدەننىڭ يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇۋېتىدىكەن. لېكىن، جىددىي خاراكتېرلىك روھىي زەربىلەردە، كورتىزول ــــ يۇقىرىقىغا زىت ھالدا ــــ قوغدىغۇچىلىق رولى ئوينىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن. يەنى كىشى جىددىي خاراكتېرلىك روھىي زەربىگە دۇچ كەلگەن ۋە شۇ سەۋەبلىك بەدەندە بېسىم ھورمونلىرى كۆپلەپ ئاجرىتىلغاندا، كورتىزول (ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) بېسىم ھورمونلىرىنىڭ ئاجرىتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، بۇ ھورمونلارنىڭ مېڭە ۋە باشقا ئەزالارغا سالىدىغان زىيىنىنى تۆۋەنلىتىدىكەن.

بۇ ھەقتىكى يەنە بىر بايقاش شۇ بولدىكى، بىز 1990 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ۋيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان سابىق ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى كىچىك ۋاقتىدا خارلاشقا ئۇچرىغانلارنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. نەتىجىدە، بالىلىق مەزگىلىدىكى ئاچچىق كەچمىشلەرنى، كورتىزول مىقدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى ۋە كەلگۈسىدە «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان رامكا ئاستا ـ ئاستا زاھىرلىنىشقا باشلىدى. بىز باسقۇنچىلىققا ياكى قاتناش ۋەقەسىگە

ئۇچرىغانلىقىدىن كېيىن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىنگەن كىشىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شۇلارنىڭ ئارىسىدا تېنىدىكى كورتىزول مىقدارى تۆۋەن بولغان كىشىلەرنىڭ ھۇجۇم ياكى ھادىسىدىن كېيىن «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقىدۇق.

ئۇنداقتا، ئۇلار جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىنىشتىن ئىلگىرىلا تېنىدىكى كورتىزول مىقدارى تۆۋەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بىز شۇنداق يەكۈن چىقاردۇقكى، ئەگەر تېنىدىكى كورتىزول مىقدارى ئەسلىدىنلا تۆۋەن بولغان كىشىلەر روھىي زەربىگە ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى كورتىزول مىقدارى بەك تۆۋەن بولغانلىقتىن بېسىم رېئاكسىيونىنى تىزگىنلەشتىن ئاجىز كېلىشى(كورتىزولنىڭ جىددىي تەھدىتلىك ئەھۋاللاردا بېسىمنى تىزگىنلەش رولى بارلىقى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانىدى، ت)؛ نەتىجىدە، بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى كۆپلەپ ئاجرىلىپ، يېڭى روھىي زەربىگە ئالاقىدار خاتىرىلەرنى مېڭىگە ئورنىتىۋېتىشى، كېيىن مەزكۇر خاتىرىلەر تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان ئەسلىمە ياكى قاباھەتلىك چۈش قاتارلىق شەكىللەردە كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىشى مۇمكىن. يەنى، تەندىكى كورتىزول مىقدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى كىشىنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان تەتقىقاتمۇ بۇ پەرەزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىدىن ئامان قالغان ۋە «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزى «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ تېنىدىكى كورتىزول مىقدارى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. يەنى پەرەز قىلغىنىمىزدەك، كورتىزول مىقدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن كىشىنىڭ «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولۇش خەۋپىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئارىسىدا باغلىنىش باردەك قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، روھىي زەربە كىشىلەرنىڭ ئىرسىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن تۇخۇم ۋە ئىسپېرمىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن سىرت، گاھىدا ھامىلدارلىقتىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا بالىياتقۇ مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغاندەك قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلارنىڭ گوللاندىيەنىڭ ئاشلىق تەمىنات لىنىيەسىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى سەۋەبلىك كۆرۈلگەن گوللاندىيەدىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىدە ھامىلدار بولغان ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان تولىمۇ ئىنچىكە تەتقىقاتلار «بالىياتقۇ ئىچى ئېففېكتى»نىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، شىددەتلىك بېسىم بىلەن ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنىڭ (مېتابولىزمنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنىڭ يۇقىرى بولۇشى قاتارلىق) بىرلەشمە تەسىرى ئانىنىڭ روھىي زەربىگە ئۇچرىغان ۋاقتىتا ھامىلدارلىقنىڭ قايسى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا باغلىق ئىكەن.

هامىلدارلىق ھالىتىدە «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىگە شاھىت بولغان ئانىلار تۇغقان بوۋاقلارمۇ باللىياتقۇدىكى چېغىدىلا مەزكۇر ۋەقەنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئانىلار تۇغقان بوۋاقلارنىڭ تېنىدىكى كورتىزول سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولغان. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى مەن بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ھامىلدارلىق ھالىتىدە «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىگە شاھىت بولغان ئانىلارغا قارىتىلغان كېيىنكى تەكشۈرۈش داۋامىدا، «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولغان ئانىلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ توققۇز ئايلىق باللىرىدا بىنورمال تەشۋىش كۆرۈلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ناتونۇش كىشىلەردىن زىيادە قورقىدىغانلىقىنى ئېيتقانلار «زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى»غا گىرىپتار بولمىغانلارغا قارىغاندا كۆپ بولدى. لېكىن، بىز بۇ بوۋاقلارنى چوڭ بولغانغا قەدەر ئىز قوغلاپ تەكشۈرگۈدەك مەبلەغكە ئېرىشەلمىدۇق.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.scientificamerican.com/article/how-parents-rsquo-trauma-leaves-biological-traces-in-children/



# رۇسىيە تەۋەسىدىكى تۈركى جۇمھۇرىيەتلەر

رۇسىيە دۇنيادىكى زېمىن كۆلىمى ئەڭ چوڭ دۆلەتتۇر. پرىزدېنتلىق تۈزۈمى بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان مەركىزى دۆلەت 83 مەمۇرىي رايوندىن تەركىب تاپقان فېدېراتسىيەدۇر. رۇسىيە تېررىتورىيەسىنىڭ ئىچىدە 21 ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت، توققۇز ۋىلايەت، 46 رايون، فېدېرال ئىمتىيازغا ئىگە ئىككى شەھەر ۋە بەش ئاپتونوم رايون بار.

فېدېراتسىيە سىستېمىسى ئاستىدىكى 21 جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاساسىي قانۇنلىرى، شۇنداقلا قانۇن چىقىرىش ۋە ئىجرا قىلىش ئاپپاراتلىرى بار. يەنى ئۇلار ئىچكى سىياسەتتە ئەركىن، تاشقى سىياسەتتە بولسا رۇسىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىقتۇر.

بۈگۈنكى رۇسىيە زېمىنلىرى مىڭ يىللاردىن بېرى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن رايونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ رايونلاردا ھېلىھەم تۈركىي قەۋملەر ياشىماقتا. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، رۇسىيە تەۋەسىدىكى 21 ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتنىڭ سەككىزى تۈركىي قەۋملەرگە تەۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردۇر.

تۆۋەندە شۇ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. باشقۇرتىستان ـــ رۇسىيەنىڭ قازاقىستان چېگراسىغا يېقىن رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 143 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى تۆت مىليون 192 مىڭدۇر. قىپچاقلاردىن بولغان باشقۇرتلار بۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقىدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، باشقۇرتىستان 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. باشقۇرتىستان ئاساسىي قانۇنى ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيەسى ئاساسىي قانۇنىغا كۆرە، باشقۇرتىستان ئايرىم بىر جۇمھۇرىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

ئەسىرلەردىن بېرى باستۇرۇلۇشقا ۋە ئاسسىملىياتسىيە ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۇچراپ كەلگەن باشقۇرتلار ئىسلامىي ئېتىقادىنى ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. باشقۇرتىستاننىڭ پايتەختى ئۇفا رۇسىيەدىكى تۈركىي قەۋملەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئۇفا مۇپتىلىقى رۇسىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزى دەپ قارىلىدۇ.

باشقۇرتىستاندا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، رۇسىيەدىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى باشقۇرتىستاندىن كېلىدۇ. خام نېفىت ۋە يېقىلغۇ ماي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە رۇسىيەدىكى رايونلار ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت،

باشقۇرتستاندا يەنە مول مقداردا كۆمۈر، مس، بائۇكست (bauxite)، ئالتۇن، مانگان ۋە خروم زاپىسى مەۋجۇتتۇر.

2. چۇۋاشستان ــــ موسكۋانىڭ تەخمىنەن 650 كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 18 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىردۇر. پايتەختى چېبوكسارى بولغان مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتە تەخمىنەن 1 مىليون 350 ئادەم ياشايدۇ.

ئەسلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا، چۇۋاشستان (ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ئەمەس) تەلتۆكۈس مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيەنىڭ بېسىمى تۈپەيلى، 1991-يىلى رۇسىيەگە تەۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتكە ئايلاندى.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، چۇۋاشلار ئەڭ دەسلەپتە مۇسۇلمان بولغان تۈركىي قەۋملەردىن بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيە تەۋەسىدە ئەڭ قاتتىق ئاسسىمىلياتسىيەگە دۇچ كەلگەن قەۋملەردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۈگۈنكى چۇۋاشلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئورتودوكس خرىستىيانلاردۇر.

چۇۋاش خەلقى تۈركىي تىلىنىڭ ھازىرغىچە بىلىنگەن ئەڭ قەدىمىي دىيالېكتىلىرىدىن بىرىدە سۆزلىشىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا تۈركىي تىل تارىخىنىڭ تەخمىنەن 2500 يىللىق ئىزناسى بار.

چۇۋاشستان زېمىنلىرى پەۋقۇلئاددە مۇنبەتتۇر. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يەردە 300 گە يېقىن سانائەت مۇئەسسەسى بار. بۇ يەردە يەنە نېفت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن مەۋجۇت تېخنىكا ئارقىلىق چىقىرىپ ئىشلىتىش تەننەرخى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغاچقا، ھازىرچە قېزىلمايۋاتىدۇ.

3. تاتارىستان ــــ باشقۇرتستان بىلەن چۇۋاشستاننىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. پايتەختى قازان شەھىرى، يەر كۆلىمى 67 مىڭ 836 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 3 مىليون 800 مىڭدۇر.

رۇسلار باشقۇرتستان، چۇۋاشستان ۋە تاتارىستاننىڭ ئۆزئارا قوشنا رايونلارغا ئايلىنىشىنى خالىمىغاچقا، بۇلارنىڭ چېگرالىرى بىر-بىرىنىڭكىدىن ئايرىۋېتىلگەن.

تاتارىستان سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندا مۇستەقىللىق جاكارلىغان تۇنجى تۈرك دۆلىتى بولسىمۇ، لېكىن رۇسىيە بۇنىڭغا يول قويمىدى ۋە (شۇ چاغدىكى پرېزىدېنت يېلتسىن رەھبەرلىكىدىكى) رۇسىيە ھۆكۈمىتى تاتارلارنىڭ بىر تالاي شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇش بەدىلىگە تاتارىستاننىڭ رۇسىيەگە تەۋە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلەن، تاتارىستان رۇسىيە فېدېراتسىيەسىگە يېڭى قوشۇلغاندا، ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى بەلگىلەش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. تاتارىستان ئاساسىي قانۇنى رۇسىيە ئاساسىي قانۇنىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن ھېسابلىناتتى.

تاتارىستان رۇسىيە زېمىنلىرى ئىچىدىكى ئەڭ باي رايونلاردىن بىرى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ سانائەت جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايونىدۇر. تاتارىستان يەنە مول يەر ئاستى بايلىقلىرىغىمۇ ئىگىدۇر.

رۇسلار چېچەن قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغاندىن كېيىن، تاتارىستانغا بېرىلگەن ئىمتىيازلارنىمۇ بىر ـ بىرلەپ تارتىۋېلىشقا باشلىدى. تاكتىكا سۈپىتىدە، تاتارىستاندىكى رۇسلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيتىلدى. ھازىر تاتارىستاندىكى تاتارلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50~55 پىرسەنتىنى، رۇسلار بولسا 35~40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلادىمىر پۇتىن ھېلىھەم تاتارىستانغا قارىتا «مەركەزگە باغلاش» سىياستى يۈرگۈزمەكتە.

تاتارىستاندا بۈگۈن خرىستىيان ۋە ئىسلام ئېتىقادلىرى، سلاۋ ۋە تۈرك كۈلتۈرلىرى تەڭ مەۋجۇتتۇر.

4. خاكاسىيا جۇمھۇرىيىتى ـــ ئوتتۇرا سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىغا، قازاقىستان بىلەن موڭغۇلىيە چېگرالىرى تۇتاشقان يەرگە (جۇملىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە) يېقىن ئورۇنغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 61 مىڭ 569 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى تەخمىنەن 700 مىڭدۇر. رايوندىكى رەسمىي تىل خاكاس تىلى ۋە رۇس تىلى بولۇپ، خاكاس تىلى ئۇيغۇر تىلىغا يېقىندۇر.

مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختى ئاباكان شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى «ئېيىق قېنى» دېگەن مەنىدىدۇر. خاكاسىيا زېمىنلىرى تۈركىي قەۋملەرنىڭ كۆچۈشى ئەڭ دەسلەپتە باشلانغان جايلاردىن بىرى بولۇپ، بۇ يەر ئوغۇزلار سەپەرگە ئاتلانغان جاي سۈپىتىدە بىلىنمەكتە. خاكاسلار بولسا شۇ ۋاقىتتا كۆچمەي، مۇشۇ يەردە قالغان تۈرك قەۋمىدۇر.

خاكاسلار بۈگۈن خاكاسىيا جۇمھۇرىيىتى نوپۇسىنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

بۇ رايوندا مۇھىم تەبىئىي بايلىقلاردىن تۆمۈر، ئالتۇن، كۇمۇش، كۆمۈر، نېفت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن سىرت، رۇسىيەدىكى ئەڭ چوڭ مولىبدېن (Molybdenum) كېنىمۇ مۇشۇ يەرگە جايلاشقان بولۇپ، مولىبدېن پولات تاۋلاشقا قوللىنىلىدىغان مۇھىم ئېلېمېنتتۇر.

5. ياقۇتىستان ـــ گەرچە بۇ يەرنىڭ «ياقۇتىستان» دېگەن ئىسمى مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي ئىسمى «ساخا جۇمھۇرىيىتى» بولۇپ، «ياقۇتىستان» بۇ يەرنىڭ رۇسلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسمىدۇر. بۇ يەر سىبىرىيەنىڭ كەڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. پايتەختى ياقۇتسكنىڭ سوغۇقى مەشھۇردۇر. ياقۇتىستانمۇ دۇنيادىكى ھاۋاسى ئەڭ سوغۇق رايون دەپ قارىلىدۇ.

ياقۇتىستان يەر كۆلىمى جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت بولۇپ، يەر كۆلىمى 3 مىليون 103 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ۋە رۇسىيە دۆلەت زېمىنىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر ياقۇتىستان مۇستەقىل دۆلەت بولغان بولسا، بۈگۈن دۇنيا بويىچە يەر كۆلىمى جەھەتتە سەككىزىنچى

چوڭ دۆلەت ھېسابلانغان بولاتتى. لېكىن، بۇ يەرنىڭ نوپۇسى ئارانلا 900 مىڭ. ياقۇتىستاننىڭ رەسمىي تىلى ساخا تىلى بولۇپ، بۇ تىل تۈركىي تىل دىيالېكتىلىرى ئارىسىدا تۈركىيە تۈركچىسىگە ئەڭ يېقىن بولغان تىلدۇر.

رۇسلار قويغان «ياقۇتىستان» دېگەن ئىسمىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يەردىن قىممەتلىك تاشلار كۆپ چىقىدۇ. شۇڭلاقلا، «ئېلىمېنتلار دەۋرىيلىك جەدۋىلى»دىكى ئېلىمېنتلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن تېپىلىدۇ.

6. تۇۋا جۇمھۇرىيىتى — رۇسىيەنىڭ موڭغۇلىيە چېگراسىغا جايلاشقان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتتۇر. قەدىمىي خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، تۇۋالار ئىنتايىن قەدىمىي زامانلاردىن بېرى مۇشۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن. 170 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا ئىگە بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ نوپۇسى 309 مىڭدۇر. تۈركىي قەۋملەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە تۈرك مىللەتچىلىكىگىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن ئۆتۈكەن شەھىرى بۈگۈنكى تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ دائىرىسىدىدۇر.

7. ئالتاي جۇمھۇرىيىتى — رۇسىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان، شەرقىي تۈركىستان ۋە موڭغۇلىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. يەر كۆلىمى 92 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 209 مىڭدۇر. ئالتاي تۈركچىسىدە سۆزلىشىدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېتىقادى شامانىزمدۇر.

ئالتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ 85 پىرسەنتى تاغلىق رايونلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، رۇسلار بۇ سەۋەبلىك بۇ يەرنى «تاغلىق ئالتاي جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىغان.

چاررۇسىيە دەۋرىدىن تارتىپلا ئاسسىمىلىياتسىيە ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۇچراپ كەلگەن يەرلىك خەلق نۆۋەتتە ئۆز جۇمھۇرىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلانغان بولۇپ، يەرلىك ئىدارە ھوقۇقى رۇسلارنىڭ قولىدىدۇر. يەرلىك خەلق كۆپىنچە تولىمۇ نامرات چەت ـ ياقا رايونلاردا ياشايدۇ.

ئالتاي جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدە مول مىقداردا تاتلىق سۇ زاپىسى مەۋجۇت بولۇپ، كەلگۈسىدە سۇ كرىزىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەرنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىنىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. ئالتاي جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق دەريا، يەتتە مىڭدىن ئارتۇق كۆل بار.

8. قاباردەي ـ بالقار جۇمھۇرىيىتى — رۇسىيەنىڭ گرۇزىيە چېگراسىغا، يەنى كاۋكازىيەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى 12 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى تەخمىنەن 900 مىڭدۇر.

ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ خەلقى چەركەزلەردىن بولغان قاباردەيلەر ۋە تۈركىي قەۋم بولغان بالقارلاردىن تەركىب تاپقان. جۇمھۇرىيەت نوپۇسىنىڭ 57 پىرسەنتى چەركەز، 23

**پىرسەنتى رۇس، 13 پىرسەنتى بالقار، قالغان قىسمى كافكازىيە خەلقلىرى بولۇپ، نوپۇسىنىڭ 55 پىرسەنتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.**

**قاباردەي ـ بالقار جۇمھۇرىيىتى جايلاشقان كافكازىيە رايونى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا توقۇنۇش ـ ئىختىلاپلار ئۈزۈلمەي كەلگەن رايون بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرىدە قاباردەي ۋە بالقارلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ يەرلىك خەلق ئارىسىدىمۇ پات ـ پاتلا سۈركىلىش كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.**

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى




# سەلبىي كەيپىياتقا ئەسىر بولماسلىقنىڭ ئۈچ چارىسى

دوكتور مارك چرەۋېرس

# سەلبىي كەيپىياتقا ئەسىر بولماسلىقنىڭ ئۈچ چارىسى

دوكتور مارك چرەۋېرس

ھەممىمىز گاھىدا تۈرلۈك سەلبىي كەيپىياتلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنالمايمىز. گەرچە بەزىدە كەيپىياتلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش بەسىي مۈشكۈل بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە پسىخولوگلار كەيپىياتنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىنىڭ زېھنىيىتى ۋە خاراكتېرىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

ھالبۇكى، ئەگەر كەيپىيات سىزنى تامامەن چىرمىۋالسا، ئۇ چاغدا سىز ئۆز كەيپىياتىڭىزنى ئاڭقىرىشقا ئامالسىز قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل ئاجىزلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندە بىنورمال ياكى ئازابلىق كەيپىياتلارنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىپ، روھىي چىدامچانلىق يېتىلدۈرۈشىڭىزگە تۈرتكە بولىدىغان، تەتقىقاتلار ئارقىلىق دەلىللەنگەن ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇلنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى ئۇسۇل: رەت قىلىنىش ھېسسىياتىنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئوبيېكتىپچانلىق ئارقىلىق تىزگىنلەش

دىيۇك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگى مارك لىرىينىڭ (Mark Leary) سۆزىگە كۆرە، رەت قىلىش تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئىكەن:

1. تەنقىد
2. خىيانەت
3. ئاكتىپ رەۋىشتە ئايرىلىش (مەسىلەن، نىكاھتىن ئاجرىشىش)
4. پاسسىپ رەۋىشتە ئايرىلىش (مەسىلەن، ئارىغا ئېلىنماسلىق)
5. زوقلىنىلماسلىق
6. كولدۇرلىتىلىش

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەرقانداق بىرى سەۋەبلىك پەيدا بولغان زەخىملىنىش تۇيغۇسى كىشىنىڭ «رەت قىلىنىش تۇيغۇسى»نى باشتىن كەچۈرۈشى بىلەن نەتىجىلىنىشى، ئاندىن بۇ خىل تۇيغۇ ھەسرەت، غەزەپ، ھەتتا تەشۋىشكە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

«كىشىلەرنىڭ <رەت قىلىنىش>تىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ تۇيغۇنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن، ھەقىقىي رەۋىشتە رەت قىلىنغان بولۇشى شەرت ئەمەس. مەسىلەن، بىز جورىمىزنىڭ بىزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى

(يەنى رەت قىلمايدىغانلىقىنى) ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، ئۇلار يەنىلا (ئاڭسىز رەۋىشتە) بىزگە ‹رەت قىلىنغانلىق› تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرۇشى ۋە مۇئەييەن ئەھۋاللاردا بىزگە ئازار بېرىپ قويۇشى مۇمكىن» دەيدۇ لىرىي.

لىرىينىڭ بىلدۈرۈشچە، بىز ئۆزىمىزدىكى رەت قىلىنىش تۇيغۇسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم «قوبۇل قىلىنىش»نىڭ ئۆزىمىز ئۈچۈن نېمشقا شۇنچە مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەك ئىكەن. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىنى بىرەر شەخس ياكى گورۇپپا ئۈچۈن يۇقىرى «مۇناسىۋەت قىممىتى»گە (relational value) ئىگە دەپ قارىسا، ئاندىن ئۆزىنى قوبۇل قىلىنغاندەك ھېس قىلىدىكەن. بىزنىڭ نۇرغۇن قىلمىشلىرىمىز، خىياللىرىمىز ۋە كەيپىياتىمىز بىزنىڭ مۇئەييەن توپلارغا تەۋە بولۇش ئېھتىياجىمىزنىڭ مەھسۇلىدۇر.

شۇ ۋەجىدىن، لىرىي شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئەگەر سىز «رەت قىلىنىش تۇيغۇسى»نى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، ئىككى بىسلىق ئالاقە ئىشارەتلىرى سەۋەبلىك مۇناسىۋەت قىممىتىڭىزنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويماسلىقىڭىز ياكى (ئىجابىيمۇ ئەمەس، سەلبىيمۇ ئەمەس) بىتەرەپ ئىنكاسلارنى سەلبىي ئىنكاس دەپ چۈشىنىۋالماسلىقىڭىز كاپالەتلىك قىلىڭ. تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەمەلىيەتتىكىدىن بەكرەك رەت قىلىنىشقا ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر.

«بۇ خىل نۇقتىئىينەزەرگە كۆرە، كىشىنىڭ رەت قىلىنىش جەھەتتىكى ئەندىشىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ‹پاكىتلارنى مۇمكىنقەدەر ئوبيېكتىپ رەۋىشتە تەكشۈرۈپ چىقىش، ئۇلارغا زىيادە كۆپ سەلبىي كەيپىياتلارنى يۈكلىمەسلىك›تۇر» دەيدۇ لىرىي.

ئەگەر سىز كۆرۈنەرلىك ۋە ئازابلىق «رەت قىلىنىش تۇيغۇسى»نى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، تۆۋەندىكىلەر سىزنىڭ قوبۇل قىلىنىش تۇيغۇڭىزنى كۈچلەندۈرەلەيدىغان ئامىللاردىن بەزىلىرىدۇر:

* بىز توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى مۇھىم بولمىغان كىشىلەرنىڭ سەلبىي ئىنكاسلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش

* بىزنى يۇقىرى «مۇناسىۋەت قىممىتى»گە ئىگە دەپ قارايدىغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىش

* زۆرۈر تېپىلغاندا، باشقىلارنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش.

### ئىككىنچى ئۇسۇل: كەيپىيات تۇراقسىزلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلىش

كەيپىيات تۇراقسىزلىقى ــــ پايدىسىز كەيپىيات ئەندىزىلىرىنىڭ تەكرار كۆرۈلۈشىدۇر. تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ نۇرغۇن پسىخولوگىيەلىك بىنورماللىقلارنىڭ يادروسى ئىكەن.

كەيپىيات تۇراقسىزلىقىنىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇخىل بولغاچقا، ئۇنى ئېنىق تەبىرلەشمۇ بەسى مۈشكۈل. پسىخولوگ ئارېلا ئاگاكوغا (Arela Agako) كۆرە، بۇ خىل ھادىسىنىڭ مەسىللىرى مۇنداق بەش تېمىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولىدىكەن:

1. چوڭ مېڭىنىڭ ئاكتىپلىشىشى (قوزغىلىشى)
2. فىزىئولوگىيە
3. تونۇش
4. قىلمىش
5. شەخسىي كەچمىش

«بىز <كەيپىيات>نى ۋە <كەيپىيات تۇراقسىزلىقى>نى تەبىرلەشكە ئۇرۇنغان بارلىق نەزەرىيەلەرنىڭ كېسىشكەن قىسمىدىن بەزى يەكۈنلەرگە ئېرىشەلەيمىز. مەسىلەن، قورقۇشنى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭدا بىزنىڭ بادام مېغىزى يادرومىز (amygdala ــــ بادام مېغىزى يادروسى: چېكە ياپراقچىسىنىڭ ئالدى ئۈچىدىكى كۈل رەڭ تۈگۈن بولۇپ، ئاساسلىقى كەيپىياتقا، بولۇپمۇ خۇشاللىق ۋە قورقۇنچقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ت) ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ (چوڭ مېڭىنىڭ ئاكتىپلىشىشى). بەدىنىمىزدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بايقايمىز، مەسىلەن يۈرەك سوقۇشىمىز تېزلىشىدۇ (فىزىئولوگىيە). بىز يەنە كاللىمىزغا خەتەرگە ئائىت خىياللار كەلگەنلىكىنى بايقىشىمىز مۇمكىن (تونۇش). بىزدە (شۇ خىل خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) قېچىپ كېتىش ئىستىكى تۇغۇلۇشى مۇمكىن (قىلمىش). شۇنداقلا، بىز بۇ خىل كەچۈرمىشىمىزنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا بايان قىلىشىمىز مۇمكىن (شەخسىي كەچمىش)» دەيدۇ ئاگاكو.

مەلۇم بىر خىل كەيپىيات پايدىسىز ياكى زۆرۈرىيەتسىز بولغان ئەھۋالدا، ئاكتىپلىشىشى؛ شۇنداقلا، مەلۇم بىر خىل كەيپىيات زۆرۈر بولغاندا، ئاكتىپلاشماسلىقى مۇمكىن. مەلۇم بىر خىل كەيپىياتنىڭ دەرىجىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتا زۆرۈر بولغاندىن بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن بولۇشى (مەسىلەن، ئىنتايىن خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا لايىقىدا خۇش بولالماسلىق، ت) كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، كەيپىياتلار بىز موھتاج بولغاندىن ئۇزۇن ياكى قىسقا مۇددەت داۋاملىشىشى مۇمكىن. بۇ نوقۇل ھالدا روھىي بىنورماللىقلارغا گىرىپتار بولغانلاردىلا ئەمەس، ھەممىمىزدە كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللاردۇر.

ئەگەر سىز كەيپىيات تۇراقسىزلىقىغا دۇچ كەلگەن بولسىڭىز، ئاگاكو سىزگە شۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

* كەيپىيات ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىڭ. ئەڭ ياخشىسى ئازادە ۋە دەخلىسىز مۇھىتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە مىنۇت ۋاقىت چىقىرىڭ.

* كەيپىياتنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى ئىپادىلىرىنى توغرا بايقاشقا تىرىشىڭ.

* شۇ خىل كەيپىياتقا (چۈشكۈنلۈك، قايغۇ، ھەسرەت، قورقۇنچ، تەشۋىش، تىت ـ تىتلىق دېگەندەك) ئىسىم قويۇپ بېقىڭ.

* كەيپىيات كۆرۈلگەن ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ شۇ كەيپىياتنى يوللۇقلاشتۇرالايدىغان ـ يوللۇقلاشتۇرالمايدىغانلىقى ياكى كەيپىياتقا باشقا ئىشلارنىڭ سەۋەب بولغانلىقى (مەسىلەن، مەلۇم بىر خىل ئەھۋالدا ئاچچىقلانغان بولسىڭىز، ئاچچىقلىنىشىڭىزغا ھەقىقەتەن شۇ ئىش سەۋەب بولدىمۇ ياكى بۇنىڭ «ئۆزۈڭدىن بېرى يىغىلىپ قالغان سەلبىي كەيپىيات» دېگەندەك باشقا ئاشكارا ـ يوشۇرۇن سەۋەبلىرى بار ـ يوقلۇقى) توغرىسىدا ياخشى ئويلىنىڭ.

* ئەگەر بۇ خىل كەيپىيات يوللۇق بولسا (يەنى ئاشۇ خىل ۋەزىيەتتە شۇ خىل كەيپىياتنىڭ بولۇشى نورمال بولسا)، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە «شۇ تاپتا بۇ كەيپىيات مېنى نېمە قىلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ؟» دەپ سوئال قويۇڭ. كەيپىياتىڭىز سىزنى ئىجتىمائىي قوللاشقا ئېرىشىشكە، ياكى خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرىنى تېپىشقا، ياكى بىراۋدىن ئەپۇ سوراشقا، ۋەياكى باشقا ئاللىقانداق ئىشلارغا ئۈندەۋاتامدۇ؟

ئەگەر كەيپىياتىڭىز يوللۇق بولمىسا، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە ياكى شۇ خىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن دوستىڭىزغا «(كۆرۈنۈشتە ئاشۇ كەيپىياتقا سەۋەب بولغان) شۇ ۋەقەنى باشقىچە ئىزاھلاش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ، يوق؟» دەپ سوئال قويۇڭ.

ئۈچىنچى ئۇسۇل: كەيپىياتىڭىزدىكى داۋالغۇشنى «تەپەككۇر بوسۇغىسى» ئارقىلىق تىزگىنلەڭ.

كەيپىياتلار دولقۇنغا ئوخشايدۇ. (ھاياتتىكى مەلۇم بىر ۋەقە ياكى ئۆتمۈش توغرىسىدىكى خىيال قاتارلىق) بەزى شەيئىلەر قەلبىمىزدە مەلۇم بىر خىل كەيپىياتنى ئويغىتىدۇ. ئۇ كەيپىيات ئاۋۋال تۆۋەن نۇقتىدىن باشلىنىدۇ، ئاندىن ئەۋجىگە چىقىدۇ ۋە ئاخىرىدا پەسىيىدۇ.

پسىخولوگ جېنىفېر ۋىلىكسىنىڭ (Jennifer Villieux) بىر تۈرلۈك تەتقىقاتىدىكى تەبىرگە كۆرە، «تەپەككۇر بوسۇغىسى» (thinking threshold) كەيپىياتنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم بولۇپ، شۇ بوسۇغىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تەپەككۇر مەنتىقىدىن بەكرەك ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كىشى شۇ نۇقتىغا (يەنى «تەپەككۇر بوسۇغىسى»غا) يەتكەندە، «تونۇش ئارقىلىق قايتا قاراپ چىقىش» دېگەندەك مەنتىقىلىق تەپەككۇرغا تايىنىدىغان ئۇسۇللارنى ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ. چۈنكى، «تەپەككۇر بوسۇغىسى»دىن ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىنىڭ مۇرەككەپ تونۇش ئىقتىدارىدا كاشىلا كۆرۈلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىنىڭ سەلبىي كەيپىياتىنىڭ دەرىجىسى «تەپەككۇر بوسۇغىسى»دىن ئېشىپ كەتكەندە، يۈزگە سوغۇق سۇ سېپىش دېگەندەك قىلمىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىكتۇر.


* بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن:

1. «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆرە تۇرغان چېغىدا ئاچچىقى كەلسە ئولتۇرۇۋالسۇن، ئاچچىقى يانسا ياندى، يانمىسا يېتىۋالسۇن» [ئەبۇ داۋۇد 4782 ـ ھەدىس].

2. «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالسۇن» [سەھىھۇلجامى 693 ـ ھەدىس].


مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/social_instincts/202207/3_ways_not_feel_overwhelmed_anymore




# 'مەسئۇد ئەپەندى' ناملىق رومان

ھەببۇللا ئابلىمىت

# «مەسئۇد ئەپەندى» ناملىق رومانىنىڭ قىسقىچە بايانى

هەبىبۇللا ئابلىمىت

«مەسئۇد ئەپەندى» تارىخىي روماندۇر. روماندىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى بەدىئىي توقۇلمىدىن ئىبارەت بولۇپ، قالغان قىسمى بولسا، مەسئۇد ئەپەندىنىڭ قىزى گۈلتەكىن پەھلىۋان خانىم يازغان تۈرك تىلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرباشقانى مەسئۇت سابىرى بايقوزى»، «در. مەسئۇد سابىرى بايقوزى ۋە ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابلاردىن ۋە هاشىر ۋاهىدى بىلەن سابىت ئۇيغۇر ئەپەندىلەر يازغان «مەسئۇد سابىرى بايقوزى» ناملىق ماقالىلاردىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە روماندىكى ئەخمەت كامال توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئەخمەت كامال ئۆزى يازغان «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى»ناملىق كىتاب مەنبە قىلىپ يېزىلدى. رومانىنىڭ «نەنجىڭ خاتىلىرى» ناملىق 7 ـ بابى بولسا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندىنىڭ هايات تارىخىغا بېغىشلاپ يېزىلغان «ئەسىر شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن»ناملىق كىتابتىكى تارىخىي مەنبەلەر ئاساس قىلىپ يېزىلدى. دېمەكچىمەنكى، مەسئۇد ئەپەندى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي تەزكىرىلەر ناهايىتىمۇ ئاز بولغانلىقى سەۋەبىدىن، روماندىكى تارىخىي بايانلارنىڭ كۆپ قىسمى بەدىئىي توقۇلمىلاردىن تەشكىل تاپقان. شۇ ۋەجىدىن بۇ كىتاب تارىخ توغرىسىدا يېزىلغان مەخسۇس تارىخىي تەتقىقات ئەسىرى بولماستىن، بەلكى بىر تارىخىي روماندۇر.

بىز تارىخىي رومانىنى تارىخنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارىۋېلىش ۋە تارىخىي رومان يازغۇچىسىنىڭ تۆهپىسىنى ئۇنىڭ مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان ساداقەتمەنلىكى نۇقتىسىدىن ئۆلچەپ تۇرۇپ، تارىخىي رومانلاردىن زوقلىنىش دەرىجىسىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكىمىز؛ تارىخىي رومانلاردىكى تارىخنىڭ چىنلىقى بىلەن يازغۇچى ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپ توقۇپ چىققان بەدىئىي توقۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىشىمىز؛ يازغۇچىنىڭ رېئال ۋە ئۆز ئىدىيىۋى هېسساتلىرى ئارقىلىق ياراتقان بەددىئىي ئەسەرىدىن ئىستېتىك بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق بەدىئىي زوق ئېلىش بىلەن بىرگە، توغرا ئەقلىي هۆكۈمگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەلۇم تارىخىي دەۋردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەش ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەهۋالىدىن ۋە شۇ دەۋر خەلقىنىڭ پىسخىكىسىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئىستېتىك قىممەت قاراشلىرىنى، جۈملىدىن ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن رومان تارىخىي رومان دەپ ئاتالغان. شۇڭا تارىخىي رومان يازغۇچىسى ئۆزىنىڭ

تارىخىي بىلىملىرگە تايىنىپ تۇرۇپ، تارىخىي مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، رېئالىستىك ئىجتىمائىي رومانلاردا بولىدىغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تارىخىي رومانىنى روياپقا چىقىرىدۇ. تارىخىي رومانلاردىكى تارىخىي شەخسلەر بولسۇن ۋە ياكى يازغۇچى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ دىيالوگلىرىدىكى خاسلىق، بايان، تىل ۋە تەسۋىرلەر رېئالىستىك ئىجتىمائىي رومانلاردىكىدەكلا مۇھىم بولىدۇ ۋە تارىخىي روماندىكى بەدىئىي توقۇلمىلار، تارىخچىنىڭ تارىخنى ئەينەن تەسۋىرلەش مېتودىغا زىت كېلىدۇ. ئەمما ئەنە شۇ بەدىئىي توقۇلمىلار تارىخىي روماندا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىلا تارىخىي رومان شۇنچىلىك قىزىقارلىق، جەزبىدارلىق بولۇپ روياپقا چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئىستېتىك دىتى ئېشىپلا قالماي، يەنە تارىخىي تۇيغۇسى كۈچىيىپ، مىللىي روھى تىرىلىدۇ.

يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق مۇھىم بىر نۇقتا باركى، تارىخىي رومانلاردىكى تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ تارىخىي پېرسوناژغا خاس، ئەينى چاغدىكى. تارىخىي دەۋردە شۇ شەخس. شۇنداق سۆزلەرنى. قىلغان دەپ، قارىۋېلىش يەنىلا تارىخىي رومانغا بولغان نەزەرىيىۋى قاراشنىڭ سۇسلىقىدىن كېلىپ چىققان خاتالىقتۇر. چۈنكى تارىخىي رومان يازغۇچىسى ئۆزىنىڭ تارىخىي رومانلىرىدا تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ تىپىكلەشتۈرۈش ۋە تىرىك، جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن بەدىئىي تەپەككۇرىغا تايىنىپ توقۇپ چىققان توقۇلمىلاردا ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى شۇ تارىخىي پېرسوناژنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ جۈملە ۋە سۆزلەر شۇ تارىخىي پېرسوناژنىڭ ھەقىقىي ئۆزىگە خاس بولغان جۈملە ياكى سۆزلەر ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەر بۇ جۈملە ۋە سۆزلەرنى ۋە ياكى توقۇلما ۋەقەلەرنى خاتا ھالدا شۇ تارىخىي پېرسوناژغا خاس دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقى لازىم. شۇڭا يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك تارىخىي رومان يازغۇچىلىرى رومانىنىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتىش ۋە مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىغا قاتمال ھالەتتە سادىق بولۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۇ تارىخىي كىتابلار بىلەن تارىخىي رومانىنىڭ تۈپ پەرقىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا تارىخىي رومان يازماق ئەڭ مۇشەققەتلىك ئەقلىي ئەمگەكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن بىر ئۇيغۇر تارىخى قان بىلەن ياشقا تولغان تراگېدىيەلىك تارىخ بولغانلىقى ئۈچۈن تارىخىي رومان يېزىش دېگەنلىك يازغۇچى ئۆز ئۆمرىگە ئۆزى پالتا چاپقانلىق بىلەن باراۋەردۇر. يازغۇچى مەلۇم بىر دەۋر تارىخىغا ئاتاپ رومان يازغاندا، رومان سۇژىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز قەھرىمانلىرى بىلەن بىرگە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدۇ، تەڭ يىغلاپ، تەڭ كۈلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بىر سۆز، بىر جۈملە، بىر ئابزاس، بىر بەتتىن پۈتۈپ، ئاستا ـ ئاستا روماندىن ئىبارەت بۇ ئەبەدىي قەلئەنى روياپقا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇ ھەيۋەتلىك قەلئەنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ يازغۇچىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن قالىدۇ، قارا چاچلىرى قاردەك ئاقىرىدۇ، نۇرلۇق كۆزلىرى تورلىشىدۇ، قوللىرى تىلىپ، بەللىرى مۈكچىيىدۇ. بۇ توغرىسىدا يازغۇچى جورج

ئورۋېل كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر كىتاب يېزىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئادەمنىڭ جۇلىقىنى چىقىرىۋېتىدىغان ئەقلىي ئەمگەكتۇر، بۇ خۇددى ئازابلىق كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى چەككەنگە ئوخشايدۇ».

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرىغا ھەمنەپەس بولۇۋاتقان ۋە ئېغىر بەدەل تۆلىگەن، شۇنداقلا ھېلىھەم تۆلەۋاتقان ئاۋانگارتلاردۇر. دەرۋەقە، يېزىقچىلىق شۇنداق مۇشەققەتلىك ئەقلىي ئەمگەك ئىكەنلىكى پۈتۈن ئالەمگە ئېنىق تۇرۇقلۇق، يازغۇچى يەنە قولىغا قەلەم ئالىدۇ. چۈنكى ۋىجدان ۋە پاك روھ ئۇلارغا شۇنداق قىلغۇزىدۇ. ئەنە شۇ ۋىجدان بىلەن پاك روھ يازغۇچىنىڭ روھىي جەھەتتىن ئازاد بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ھەربىر رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندە، تارتقان جاپالىرىنى ئۇنتۇپ، روھىي جەھەتتىن بۇرۇنقىدىن يەنە بىر بالداق يۈكسىلىپ ماڭغان. دېمىسىمۇ ئەدەبىيات ئەركىن تەپەككۇر قىلىشنىڭ بەدىئىي قىممىتى بولغاچقا، يازغۇچى ئەنە شۇنداق روھىي ئازادلىق ئىچىدە، يەنىلا ئۆز بەختىنى تاپقان بولىدۇ. ھەقىقىي بىر يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ماددىي دۇنيانىڭ بوييۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا بېقىنماي، ئۆز روھىي دۇنياسى ئىچىدە ياشىيالىسا ۋە جاپالىق ئىجادىيەت تۇرمۇشىدىن ھۇزۇر ئالالىسا، چوقۇم بىر كۈنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق سۆيۈلۈشكە مۇيەسسەر بولغان ياخشى يازغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق يازغۇچى ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بەخشەندە ئەتكەن ۋە قالغان پۈتۈن ئۆمرىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان يازغۇچىلار ھىجران دەرتلىرى بىلەن ۋىسال لەززىتىنىڭ مەناسىنى تولۇق چۈشەنگەن بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ھىجرەتتىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ دۇئاسى ئۆلمەستىن ئاۋۋال يېزىشنى پىلانلىغان ئەسەرلىرىنى يېزىۋېلىشنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىلەشنى مەزمۇن قىلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى رومان يازغاندا پەقەت سەنئەتنىلا مەقسەت قىلىپ رومان يازغان ئەمەس. ئۇلار ئۆز رومانلىرىدا ئاجايىپ ئىستېتىك قىممەت، ئىجتىمائىي قىممەت، ماددىي قىممەت ۋە مەنىۋىي قىممەت يارىتىشنى مەقسەت قىلغانىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى تارىخىي قىممەت ۋە سىياسىي قىممەت يارىتىشتۇر. يەنى تارىخىي قىممەت دېگىنىمىزدە، يازغۇچى ئۆزى ئۆگەنگەن تارىخىي بىلىمى بىلەن تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ توقۇغان بەدىئىي توقۇلمىلىرى ئاساسىدا رومان يازغان. بۇ ئارقىلىق يازغۇچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشتە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھېكايىسىدىن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تونۇپ، ھەقىقىي پاكىتلارنى قېزىپ چىقىپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلارنىڭ ئەنە شۇ تارىختىن ئىبرەت ئېلىپ، خاتالىقلارنى قايتا تەكرارلىماسلىقىغا يول كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەبەدىي سىياسىي قىممەت دېگىنىمىزدە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنى ئۇنداق ياكى مۇنداق نىقاپلار بىلەن نىقاپلاپ ئەسەر يازغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەسىرىگە ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر رومانلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنىڭ شەجەرىسى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ كەلمەكتە، ھەمدە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ئىستېتىك زوق ۋە تارىخىي بىلىمنى قۇربان قىلىشۋەتمەي تۇرۇپمۇ، سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولماقتا. دېمەك، ئۇيغۇر رومانلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت سەمەرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىتىمىزگە غايىۋى كۈچ

بېغىشلاپ، مىللىي روھنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئانا تىلىمىزنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مىللىتىمىزنى ئانا تىلدا تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەپ، ئانا تىلنى قوغدىغۇچىلىق رولىنى ئۈستىگە ئالماقتا.

ئۇيغۇر رومانلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىچىدىكى دەۋر روھىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ يۈكسەك ژانىر ۋە ئۇيغۇر سەنئەت، مەدەنىيەت، ئىجادىيەت تارىخىنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىردىن ـ بىر قورال ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى بولۇپ كەلدى. ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىنى تېما قىلىپ ئەسەر يازدى. خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى، شادلىقى ۋە ئۈمىدىگە ئورتاق بولدى. ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرى ئۆز خەلقىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى بايان قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كەلدى. شۇڭا يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئورنى ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇناسىۋەت نورمىلىرى بىلەن ئۆلچىنىپ كەلدى. ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ھاياتى خەلقىنىڭ ھاياتى، ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى ۋە تارىخىي ھاياتى. بىر جۈملە سۆز بىلەن خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرى ۋەتەنگە ۋە مىللەتكە ئەبەدىي سادىق بولغان ئۆزىنى تونۇشنى بىلىپ، ئۆزىنى قەدىرلىگەن جەڭگىۋار ئەقلىي قوشۇندۇر.

ھازىرقى تراگېدىيەلىك رېئاللىقىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۆھران خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ۋەتەن ئىچىدە نەشىردىن چىقىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سانى شۇنچىلىك ئاز بولغىنىغا قارىماي، ھەقىقىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىل بولغۇدەك سالاھىيەتتىن بەكمۇ يىراق. مەيلى يېزىلىۋاتقان شېئىرلار بولسۇن، مەيلى پروزا ئەسەرلىرى بولسۇن ۋە ياكى تەرجىمە ئەسەرلىرى بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك خىتاي ئەدەبىياتىغا مايىل بولغان شالغۇت ئەسەرلەردۇر. ۋەتەن ئىچىدىكى يازغۇچىلار قوشۇنى سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلاردا پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى، ساق قالغانلىرىغا بولسا ئۆششۈك تەگدى. بۇلاردىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئاستىدا قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك نەتىجىلەرنى كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە يازالايدىغانلارنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىدىن كەچكەنلىرىنى يېزىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

نۆۋەتتە ۋەتەن سىرتىدىكى مۇھاجىرەت ئەدەبىياتىغا قارايدىغان بولساق، بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەكلا يازغۇچى ۋە شائىرلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋانگارت قوشۇن يەنىلا شائىرلار. ئۇلار ئۆز شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە شېئىر كىتابلارنى نەشر قىلدۇرماقتا ۋە باشقا تىللاردا نەشر قىلدۇرغان شېئىر كىتابلارنىڭ سانىمۇ خېلى بار. ئەمما پروزا قاتارلىق باشقا ژانىرلاردا ئەسەر يېزىۋاتقانلار يوق دېيەرلىك، يازىدىغانلار بار دېگەندىمۇ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆلچەمدىن يىراق، ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تىرىشىۋاتىمىز. ھېچقانداق بىر ئورگان ۋە تەشكىلاتنىڭ ياردەم كۈچىگە تايانماي ئەسەر يېزىپ، ئۆز ئىقتىسادىمىز بىلەن نەشىردىن چىقىرىۋاتىمىز. ئەمما يەنىلا يىلدا چىقىۋاتقان بىرەر پارچە رومان ۋە ياكى باشقا كىتابلارنى سېتىۋالىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە يېزىپ نەشىردىن چىقارغان ئەسەرلىرى خارلىنىپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ كىتابلار خارلاندى دېگەنلىك ئانا

تىل خارلاندى دېگەنلىك، مىللىي ئەدەبىيات خارلاندى دېگەنلىك، مىللىي روھ خارلاندى دېگەنلىك بىلەن باراۋەر. ئەگەر مۇشۇ ھالەت يەنە داۋام قىلسا 15 ۋە 20 يىلدىن كېيىن ئانا تىلدا كىتاب يازىدىغان يازغۇچى ـ شائىر قالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ باش قاتۇرىدىغان مەسىلىلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. نۆۋەتتە ۋەتەن ئىچىدە يازغۇچىلىرىمىز تېخى يېزىپ بولالمىغان ۋە يازاي دېسىمۇ ئىمكانىيەت يار بەرمەۋاتقان تېمىلار بەكمۇ كۆپ. ئەنە شۇ تېمىلار توغرىسىدا رومان يېزىپ قالدۇرۇش بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم، مەيلى تارىخىي تېمىلاردا بولسۇن ۋە ياكى تەسەۋۋۇر دۇنيارىمىزدىن تالالاپ ئېلىنغان تېمىلاردا بولسۇن، رومان يېزىش بىز يازغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆندىلىك خىزمىتىمنىڭ سىرتىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ رومان يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن ۋە نۆۋەتتە ئىككىنچى تارىخىي رومانىم «مەسئۇد ئەپەندى» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، نەشر قىلىشقا بەردىم، ئاللاھ خالىسا مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە نەشىردىن چىقىدۇ. بۇ رومان جەمئىي تۆۋەندىكىدەك توققۇز بابتىن تەركىب تاپقان:

1 ـ باب: «مەسئۇد». بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بالىلىق چاغلىرى ئىمكانقەدەر گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

2 ـ باب: «ئىستانبۇل خاتىرىلىرى» ناملىق باب بولۇپ، بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئوقۇش جەريانىدا بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان.

3 ـ باب: «يۇرتۇم» ناملىق باب بولۇپ، بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ يۇرتقا قايتىپ كېلىش جەريانى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلەنگەن.

4 ـ باب: «ئۇسۇل جەدىت» دېگەن باب بولۇپ، بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ غۇلجا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلاھاتلاردىن بىرى بولغان يېڭى مائارىپقا قوشقان تۆھپىسى ۋە بۇ جەريانىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى، بۇ يولدا دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئىدىيە ۋە پىكىرلىرى، ھەمدە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆكسۈمەي قىلغان تىل ـ ئاھانەت ۋە تۆھمەتلىرى بايان قىلىنغان.

5 ـ باب: «بىئارام ھىجران». شۇ زامانلار غۇلجىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى زەھەرلىك ئوتلار قاپلاپ كەتكەن چاغ بولغاچقا، مەسئۇد ئەپەندىدەك بىر گۈلنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئاخىرى مەسئۇد ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى تۆھمەتكە ئۇچراپ، قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇرۇمچىگە يالاپ ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ جەريانلارنى يۇقىرى ئەدەبىي ماھارەت بىلەن تەپسىلى بايان قىلىنىشقا تىرىشلدى.

6 ـ باب: «سەرسان روھ». بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى غۇلجىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە غۇلجىغا كەلگەن ئەيسا يۈسۈپ بەگ بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى ۋە نائەھلىلىكتە ئۇچىغا چىققان ياۋۇز ئەبلەخلەرنىڭ دەستىدىن غۇلجىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولۇش جەريانلىرى بايان قىلىنغان.

7 ـ باب: «بىۋەتەن». بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ نەنجىڭدىكى سىياسىي كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان.

8 ـ باب:«غۇلجىنىڭ ياز كۈنلىرى». بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ نەنجىڭدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى غۇلجا سەپىرى ۋە غۇلجىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

9 ـ باب: «ۋەتەن گۇۋاھ». بۇ بابتا مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ۋە ئۆلكە رەئىسلىكتىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىنكى روھى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئاخىرىدا كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە ئۆلتۈرۈلۈش جەريانلىرى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

مەن «مەسئۇد ئەپەندى» ناملىق تارىخىي رومىاندا تارىخىي چىنلىققا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزۈم توقۇغان بەدىئىي توقۇلمىلارغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەردىم. بۇ ئارقىلىق رومىاننىڭ ئېستېتىكىلىق شەكىل ۋە مەزمۇنىنى بېيىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدۈم. مانا مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە مىللىي قەھرىمانلىرىمىزنىڭ شانلىق ھاياتىنى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىدىم. بولۇپمۇ بۇ رومىاندا مىللىي قەدرىيەتنى ئەدەبىياتتا، يەنى رومىاندا ئەكس ئەتتۈرىدىغان قىلىشقا تىرىشتىم.

رومىاندا بەدىئىيلىك بىلەن مەزمۇن، مەزمۇن بىلەن تارىخ، تارىخ بىلەن ئېستېتىكىلىق قىممەت بىربىرىگە باغلىنىپ كەتكەن دەپ قارايمەن. بۇ رومان بولسا،تارىختىكى غەلبىلىرىمىزنى، ئۆكۈنۈشلىرىمىزنى ۋە گاڭگىراشلىرىمىزنى، كۈرەش ئىرادىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا بايان قىلغان تارىخىي رومىاندۇر. بىز ئۈچۈن بۇ رومىاننىڭ يەنە بىر قىممىتى دەل ئانا تىلىمىزدا يېزىلغانلىقىدۇر. ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بۇ خىلدىكى ئۇيغۇرچە رومانلارنى ئوقۇشتىن ۋاز كەچمەسلىكى لازىم. تارىخنى ھەققىي ئۆگەنمەكچى بولغان كىشى رومان ئوقۇشى لازىم. بۇ سۆزنى ئوقۇغان كىشى تارىخ بىلەن رومىاننىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ دېگەن سوئالنى سورىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى بار. مەن بۇ يەردە رومان دەپ نوقۇل ھالدا تارىخىي رومىاننىلا كۆزدە تۇتتۇۋاتقىنىم يوق. ھازىرقى دەۋر ئومۇمىيۈزلۈك ئېيتقاندا بىز ئۈچۈن پارلاق بولمىغان بىر دەۋردۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك بىزدە ئانا تىلدا يېزىلىۋاتقان رومان يوق دېيەرلىك، شۇنداق ئىكەن بىرەر رومان نەشىردىن چىقسا ئەلۋەتتە چوقۇم ئەتىۋارلاپ ئوقۇشىمىز لازىم. بىز

بىر روماننى ئوقۇغىنىمىزدا يازغۇچىنىڭ سۆزلىرى خۇددى ھازىرقى ئىشلارنى دەۋاتقاندەكلا ھېس قىلىمىز. بۇ نۇقتىدىن قاراپ شۇنى ھۆكۈم قىلىمىزكى، يازغۇچى يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇ دەۋرنىڭ تارىخىنىلا يازماي بەلكى يەنە ھازىرقى ئىشلارنىڭ ۋە كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ئىشلار تارىخىنىمۇ يازغۇچىسىدۇر.

گەرچە روماندىكى ۋەقەلەر توقۇلما بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ بەدىئىي توقۇلمىلار ئارقىلىق ئالدىن كۆرەر يازغۇچىلار كەلگۈسىگە بولغان پەرەزلىرىنى شۇ دەۋردىكى چىنلىقىقا ۋە رېئاللىق تايىنىپ تۇرۇپ يازىدۇ. يازغۇچى رېئاللىقتىن قوبۇل قىلىنغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ شۇ دەۋردىكى تارىختا ۋە كەلگۈسىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر رومان ئوقۇغىنىمىزدا شۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى بىلەلەيمىز ۋە كەلگۈسىنى كۆرەلەيمىز. مانا بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى بىر تارىخچىنىڭ ۋەزىپىسىنىمۇ ئورۇندىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان بىردىنبىر ۋە يېگانە يېزىق بىلەن دۇنيانى شەرھلىگۈچى قامۇس. ئىنسان بۇ قامۇسلۇق خۇسۇسىيىتىنى رومان ئارقىلىق نامايەن قىلالايدۇ. ياخشى يېزىلغان بىر رومان مەنىۋىي مەدەنىيەتنىڭ تۆۋرۈكى بولالايدۇ ۋە ئىنسان روھىيىتىنىڭ تۈگىمەس بۇلىقى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى رومان تارىخىمىزنى ئۆگىتىدۇ، ھەقىقەتنى تەكرارلاپ ئەسكە سالىدۇ؛ شۇنداقلا مەنىۋىي قىياپىتىمىزنى، تۇرمۇش ئادىتىمىزنى، مۇھىتىمىزنى، كىشىلىك مۇئامىلە يوسۇنلىرىمىزنى گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن ئىبارىلەپ ئىستېتىك ھەۋىسىمىزنى قوزغاش ئارقىلىق مەنىۋى قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندەيدۇ. رومان كىشىلىك قاراش، ئەخلاق ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ مۇھىم دەرسلىك قامۇسى. روماننىڭ تەربىيىۋى رولى ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ بىۋاستە لېكسىيە سۆزلەش، مەجبۇرى ۋاستىلەرنى قوللىنىش، دىداكتىك ۋەز ـ نەسىھەت ياكى تەنقىدىي تەربىيە بېرىش قاتارلىق ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرمەيدۇ. روماننىڭ تەربىيىۋى رولى تولىراق ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلاردىكى سەنئەت ئەسەرلەرنىڭ ئېستىمالچىسى ھېسابلىنىدىغان كىتابخانلارنىڭ ئۆز قەلبى، ئىرادىسى، ئىش ـ ھەرىكىتى، ئارزۇ ـ ھەۋىسىنىڭ قانداقلىقى توغرۇلۇق ئۆز ـ ئۆزىنى بايقاپ بىلىش، باشقىلاردىن ئىبرەت ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئادەتتىكى مەنتىقىلىق ئىبارىلەر ۋاستە قىلىنغان تەربىيىدىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئوبرازلىقلىقى، مەجازىلىقى، رىتىمدارلىقى، ھېسسىياتچانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ، كىتابخاندا كۈچلۈك ھاياجان قوزغايدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى باھالاش، ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە بولغان ھەق ـ ناھەقلىق قارىشىنى تىكلەش روماننىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە ئەمەلىي تەسىرىنىڭ ئاساسىي تەلىپىدۇر. ئەلۋەتتە، روماننىڭ بۇ تەربىيىۋى تەسىرى بەدىئىي ئەسەرنى تەلقىن قىلىش، تەشۋىق قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رومان پۈتۈن بىر مىللەتنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش، سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئەدەبىياتنىڭ جامائەتچىلىك ـ ئالاقە جەھەتتىكى ئىجتىمائىي كۈچ بىلەن ماددىي كۈچ ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان. دېمەك ئەدەبىيات غايەت زور ئىجتىمائىي، مەنىۋى، غايىۋى، تارىخىي ئىنفورماتسىيە. ئۇ شەخسلەر، مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەتتا قەدىمكى كىشىلەر بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزارا چۈشىنىش، يېقىنلىشىش، تەسىر ئۆتكۈزۈشنىڭ غايەت زور مەنىۋى كۆۋرۈكى.

بولۇپمۇ رومان ئىدىيولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاۋام-خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە ئىنسانپەۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، گۈزەل كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىنتىلىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاساستا شۇ ئىدىيەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. رومان بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋردىكى رېئال ھاياتىنىڭ مېخانىكىلىق ئىپادىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت يارىتىش جەريانىنىڭ بىر قىسمىدۇر. يەنە رومانىدا مىللىيلىك بىلەن خەلقئارالىق ۋە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ھەمىشە بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ كەتكەن، مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىك زىچ باغلانغان ۋە بىلىم بىلەن سەنئەت بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ. رومانىنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ سەنئەت بىلەن بىلىمنىڭ گىرەلىشىپ كېتىشىدە.

قاچاندۇر يازغۇچى قولىغا قەلەم ئېلىپ بىر رومانىنى يېزىشقا باشلىغان چاغدا، ئۇ يازغۇچى جىددىي ئېقىنغا ئۆزىنى تاشلىدى دېگەنلىك بولىدۇ ۋە بۇ جىددى ئېقىن يازغۇچىنى ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئاجايىپ تەسەۋۋۇر قايناملىرىغا سۆرەپ ئەكىرىپ، ئاجايىپ ئەسەرلەرنىڭ روياپقا چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ھەقىقىي ئەدەبىي رومان ھەقىقىي رېئاللىق بولمىسىمۇ، پەقەت ۋە پەقەتلا ئاشۇ رېئاللىقتىن، ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكىدىن، ئېقتىراسىدىن ئىلھام ئېلىپ ۋە شۇنىڭدەك تراگېدىيەلىرىدىن ئىزتىراپ چېكىپ يېزىلىدۇ. بىراق بۇ رېئاللىق يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۇيغۇنلىشىدۇ.

مېنىڭچە كۆپلىگەن يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بارماقلىرىنىڭ رومان بەتلىرىنى سىلىغانلىقىنى ۋە تەسىرلىك جۈملىلەر ئۈستىدە بىر لەھزە تۇرۇپ قېلىشلىرىنى ئويلىغىنىدا، يېزىشنى پىلانلىغان رومانلىرىغا ئۆمرۈم يېتەمدىغاندۇ دەپ تەشۋىش ئىچىدە قېلىپ، ئىزتىراپ چېكىدۇ، ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن جىددىيلىشىدۇ. بولۇپمۇ مەن يېزىقچىلىقنى ئۆز خىزمىتىمنىڭ سىرتىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ھاياتىم شۇنچىلىك جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. بەجايىكى تۇخۇمدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان چۈجىدەك مېڭەمنىڭ ئىچىنى چوقۇلاۋاتقان ئوي-پىكىرلىرىم بىلەن نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىمنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان تەسەۋۋۇر دۇنيارىمدا رومانغا خۇرۇچ بولغۇدەك ۋەقەلىكلەر بەكمۇ كۆپ، ئەمما يېزىشقا ۋاقىت يوق.

تولستوي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسانلارغا ئەڭ ئادىل شەكىلدە تەقسىم قىلىنغان نېمەت ئەقىلدۇر. چۈنكى ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەقلىدىن نارازى ئەمەس» مەن بۇ سۆزگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيمەن- ئىنسانلارغان ئەقلىدىن باشقا ئەڭ ئادىل تەقسىم قىلىنغان يەنە بىر نېمەت بار، ئۇ بولسىمۇ ۋاقىت. چۈنكى بىر كۈن پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئوخشاشلا 24 سائەتتۇر. ئەنە شۇ ھەممىمىزگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنغان بىر كۈنلۈك ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. يېزىقچىلىق ئەڭ كۆپ ۋاقىت كېتىدىغان ئەقلىي ئەمگەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت مەن ئۈچۈن كۆكتىكى قۇياشتەك بىباھا ۋە يازماقچى

**بولغان رومانلىرىم كۆزۈمگە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالتۇن قىرغاق. ئانا تىل شەربەتلىرىنىڭ تامچە ـ تامچە تېمىشىدىن پۈتكەن لەززەتلىك جۈملىلەر ئارقىلىق يېزىلغان «مەسئۇد ئەپەندى» ناملىق بۇ تارىخىي رومان ئوقۇرمەنلەرگە تارىخىي ۋە سىياسىي بىلىم ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئىستېتىك جەھەتتىن بۆشۈك بىلەن ھەپىلەشكەن ئانىنىڭ ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىدەك ھۇزۇر ئاتا قىلغۇسى.**

26 .06 .2022، گېرمانىيە ـ ميۇنخېن



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2022 -يىلى 6 – ئاينىڭ 30 – كۈنىدىن 7 – ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە)

# 2022 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇندىن، 2022 ـ كۈنى 31 ـ ئىيۇنغىچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار ھادىسىلەر ۋە خەۋەرلەر

## يەتتە چوڭ سانائەت دۆلىتى خىتاينىڭ «خەلقئارا بازارنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان يوشۇرۇن قىلمىشلىرى»غا زەربە بېرىش توغرىسىدا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلدى

«aninews»نىڭ 30 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇ قېتىملىق يەتتە دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى خىتاينىڭ تەڭسىز ئىقتىسادىي قىلمىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي سىستېمىدىكى ئادىل ۋە ئاشكارا رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە خەلقئارالىق قائىدىلەرنى كۈچەيتىش خۇسۇسىدا ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلغان.

ئىگىلىنىشىچە، مەزكۇر باشلىقلار ئېلان قىلغان بىرلەشمە باياناتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشۋىشىنى ئىپادىلەش بىلەن كۇپايىلىنىپ، كونكرېت تەدبىر قوللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن.

## يېڭى زېلاندىيە باش مىنىستىرى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار يىغىنىدا، خىتايغا قارشى تەۋرەنمەي تۇرۇش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى

«قوغدىغۇچى گېزىتى»نىڭ 30 ـ ئىيۇندىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۆلەتكە ۋاكالىتەن تۇنجى قېتىم «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»نىڭ مادرىدتا ئۆتكۈزۈلگەن باشلىقلار يىغىنىدا سۆز قىلغان يېڭى زېلاندىيە باش مىنىستىرى جېيسىندا ئادېرن دېموكراتىك ئەللەرنى خىتاي بارغانسېرى «تېرىسىگە سىغمايۋاتقان»، شۇنداقلا «خەلقئارالىق قائىدە ـ نىزام ۋە ئۆلچەملەرگە خىرس قىلىشقا مايىل» بولۇپ كېتىۋاتقان ئۇشبۇ پەيتلەردە، ئۆز مەۋقەسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا ئۈندىگەن.

ئۇ ئۆز نۇتقىدا «يېقىندىن بۇيان، خىتاي بارغانسېرى تېرىسىگە سىغمايۋاتىدۇ، شۇنداقلا خەلقئارالىق قائىدە ـ نىزام ۋە ئۆلچەملەرگە تېخىمۇ بەك خىرس قىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

يېڭى زېلاندىيەنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل يىرىكلىشىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## خەلقئارالىق شىركەتلەر ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 30 ـ ئىيۇندىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، شۇ كۈنى ۋاشىڭتوندىكى پايدا كۆزلىمەيدىغان «ئىلغار دۆلەت مۇداپىئەسى تەتقىقاتى مەركىزى» ئېلان قىلغان «خوت يۈتكەش: كەسپىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىلىش دولقۇنىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى» ناملىق دوكلاتقا كۆرە، خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلەر مەھسۇلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلسىمۇ، باش شتابى خىتاي ئۆلكىلىرىدە بولغان شىركەتلەردىن مال سېتىۋېلىش ئارقىلىق، ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىگە ھەمشېرىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا قىسمەن ياكى تامامەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەيدىغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»دا مەھسۇلاتلارنىڭ «ئىشلەپچىقىرىلغان ئورنى»غا ئالاقىدار مۇشۇ خىل يوچۇق بار بولۇپ، بەزى مەھسۇلاتلار مۇشۇ يوچۇقلار ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان بولسىمۇ، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى شىركەتلەرنىڭ نامىدا خەلقئارا تەمىنات زەنجىرىگە كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

## خىتاي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئايروپىلان ئەۋەتكەن ئاۋىستىرالىيەنى قاتتىق ئەيىبلىدى

«ئاۋىستىرالىيە خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 1 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئاۋىستىرالىيە خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ دېڭىز چارلىغۇچى ئايروپىلانى ئالدىنقى ئايدا خەلقئارا ھاۋا بوشلۇقى بولغان جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتقاندا، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى بىلەن تولىمۇ خەتەرلىك تەرزدە دوقۇرۇشۇپ قالغان. بۇ دەل ئاۋىستىرالىيەدە سايلام بولۇشقا بىر قانچە كۈنلا قالغان ۋاقىت ئىدى.

بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي ئاۋىستىرالىيە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى تالاش ـ تارتىشلىق رايوندا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ھەربىي ۋەقەنىڭ «ۋابالىغا ئۆزى ئىگە» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى تەن كېفېي بېيجىڭدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا شۇنداق دېگەن: «ئۇلار قاچان كەلسە، چوقۇم (خىتاي ئارمىيەسىنىڭ) توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. چىللاناستىن كەلگەنلەر قىلمىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىيدۇ. مەيلى قانداق ئاتاق ياكى باھانىدە بولسۇن، باشقىلارنىڭ بوسۇغىسىغا ھەربىي ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىش تامامەن نامۇۋاپىق قىلمىشتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا، ھېچبىر دۆلەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ، خىتاي ئارمىيەسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.»

جەنۇبىي ختاي دېڭىزى تەخمىنەن ئۈچ مىليون بەش يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق دېڭىز رايونىغا ئىگە بولۇپ، خەلقئارا تىجارەت ماللىرىنىڭ 33 پىرسەنتى مۇشۇ رايوندىن ئۆتىدۇ، مەزكۇر رايوندىكى بېلىق تۇتىدىكى ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇشۇ يەردىن چىقىدۇ. لېكىن، ختاي خەلقئارا كېسىم سوتىنىڭ ھۆكمىگە پىسەنت قىلماي، بۇ رايوننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلماقتا ۋە شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن بۇيان، بۇ رايوندا سۈنئىي ئاراللارنى بەرپا قىلىپ، بۇ ئاراللارنى ھەربىيلەشتۈرمەكتە.

## گۋادار ئەربابى ختاينىڭ باشقۇرۇشىدىكى گۋادار پورتىنى تاقايدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سالدى

«theprint» تورىنىڭ 4 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، پاكىستاننىڭ بالوچىستان ئۆلكىسىدىكى غوللۇق ئەربابلاردىن بىرى، «گۋادار ھوقۇق قوغداش تەشكىلاتى»نىڭ مەسئۇلى مەۋلانە ھىدايەتۇر رەھمان ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا ئىمزالىغان كېلىشىمگە رىئايە قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك، گۋادار شەھرىدە ئومۇمىيۈزلۈك نامايىش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، گۋادار پورتىنى 21 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ تاقايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ «گۋادار ھوقۇق قوغداش تەشكىلاتى»نىڭ ئاساسلىق تەلەپلىرىنىڭ گۋادار شەھرىدىكى تور بىلەن بېلىق تۇتۇش كېمىسى ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىدىغان قارا جەمئىيەتلەرنى يوقىتىش، گۋاداردىكى چېگرا نۇقتىلىرىنى ئېچىۋېتىش، زەھەر ئەتكەسچىلىكلىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش، زۆرۈرىيەتسىز تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئەگەر ختاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى بولغان گۋادار پورتى راستىلا تاقالسا، بۇنىڭ ختايغا كونكرېت قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە پورتنىڭ قاچانغىچە تاقىلىدىغانلىقى نامەلۇم.

## چوڭ شىركەتلەرنىڭ «تىك ـ توك» ئىشلەتمەسلىكى تەۋسىيە قىلىندى

«thefederalist» تورىنىڭ 5 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا فېدېراتسىيە ئالاقە كومىتېتىنىڭ كومىسسارلىرىدىن بىرى بولغان بىرېندان كار ئامېرىكادىكى چوڭ شىركەتلەرنى بىخەتەرلىك ئامىلى سەۋەبلىك، ختاينىڭ «تىك ـ توك» يۇمشاق دېتالىنى چەكلەشكە ئۈندىگەن.

ئۇ بۇ ھەقتە ئالما شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى تىم كۇك بىلەن ئالفابېت شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى سۇندار پىچايغا خەت يازغان ۋە مەزكۇر خەتنى تۋىتتېردا ھەمبەھىرلىگەندىن كېيىن، شۇلارنى قوشۇمچە قىلغان: «تىك ـ توك نوقۇل ھالدا ۋىدېيو يۇمشاق دېتالىلا بولماستىن، بەلكى نىقابتۇر.

ئۇ سەزگۈر ئۇچۇرلارنى توپلايدىغان بولۇپ، يېڭى دوكلاتلار خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مەزكۇر ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. مەن ئالما ۋە گۇگېل شىركەتلىرىنى ئۆزىنىڭ يۇمشاق دېتال بازىرىدىن تىلتۆكۈس ئۆچۈرۈۋېتىشكە ئۈندەيمەن.»

## ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار «5-ئىيۇل قەتلىئامى» مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى

«islam21c» تورىنىڭ 6-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، «بىرىتانىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى»، «Lighthouse Advocacy»، «5 Pillars»، «MPACUK»، «CAGE» قاتارلىق «ئۇيغۇرلارنى قوللاش ئىتتىپاقى»نىڭ (Stand4Uyghurs coalition) ئەزالىرى «5-ئىيۇل» ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ 13 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان.

مەزكۇر پائالىيەت جەريانىدا، تونۇلغان سەنئەتكار شەمس نەق مەيداندا پۈركۈمە سىر ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن بىر پارچە رەسىم سىزغان.

پائالىيەتكە قاتناشقان كىشىلەردىن ھەمزە زورتىس شۇنداق دېگەن: «خىتاي كومپارتىيەسى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ شەكىل ئۆزگەرتكەن نۇسخىسىدۇر، ئۇلار ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا بىزنىڭ ئۇيغۇر بۇرادەرلىرىمىز ۋە ھەمشىرىلىرىمىزگە قارىتا مىللىي-دىنىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ زۇلۇمنى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئورتاق ئىنتىلىشى كېرەك.»

شەيخ ھەيسەم شۇنداق دېگەن: «ئادالەتنى ياقلاش شەرىئەتنىڭ ئۇللۇق غايىلىرىدىن بىرىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، ئاللاھ ھەرقانداق شەكىلدىكى زۇلۇمنى ئۆچ كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم ئادالەتنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن بىز مۇسۇلمانلىق كىملىكىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز. بىزنىڭ كىملىكىمىزدىكى كەم بولسا بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىن بىرى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر. بىز مانا مۇشۇ سەۋەبلىك، تارىختىكى ئەڭ كاتتا ئۈممەتلەردىن بىرى بولالىدۇق.»

## ئامېرىكا خىتايغا قاراتقان ئېكسپورت چەكلىمىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيمەكچى

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 6-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، بۇنىڭدىن بەش ئاي ئاۋۋال رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندا، بايدېن ھۆكۈمىتى نەچچە ئون دۆلەت ھۆكۈمىتىگە باشلامچىلىق قىلىپ، رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش مەقسىتىدە، رۇسىيەگە ئىلغار تېخنىكىلارنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىگەنىدى.

ئەمدى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەزكۇر ھەرىكەتلەردىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەرگە بىنائەن، خىتاي ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ شىركەتلىرى ياكى تەشكىلاتلىرى ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يەتكۈزگەن ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان ئەھۋالدا، بۇ دۆلەتلەرگە بولغان ئېكسپورت چەكلىمىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيمەكتە ئىكەن. بۇ جەھەتتە، پرېزدېنت بايدىن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى يەنە خىتاينىڭ رۇسىيەدىن ھالقىپ، ئامېرىكانىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەڭ چوڭ رەقىبىگە ئايلانغانلىقىنى جاكارلىغان.

ئامېرىكا ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىنىڭمۇ خىتايغا قارشى ئېكسپورت چەكلىمىسىنى كۈچەيتكۈزمەكچى ئىكەن.

بۇ ئۇرۇنۇشنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئېكسپورت چەكلىمىسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل تارمىقى بولغان «سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسى»نىڭ باشلىقى ئالان ئېستېۋېز شۇنداق دېگەن: «بىز چوقۇم ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي كەلگۈسىدىكى ھەرقانداق توقۇنۇشلاردا بىزگە ياكى ئۆز قوشنىلىرىغا قارشى قوللىنالايدىغان تېخنىكىلارغا ئىگە بولالماسلىقى كېرەك.»

## خىتاي ئامېرىكادا دۆلەتكە ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا قاراتقان تەسىر كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە

«ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 7-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ يېڭى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنى نىشان قىلغان تەسىر كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىكەن.

مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «بىرلىكسەپ بۆلۈمى» ئارقىلىق ئامېرىكادا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ مەبلەغ ئاجراتقان بولۇپ، بۇ خىتايغا قارشى قانۇنلارنىڭ ماقۇللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا سالاھىيەتلىق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

خىتاي يەنە ھەرقايسى شتاتلاردا ئۆزىگە مايىل ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان «يەرلىك ئارقىلىق مەركەزنى قورشاش» تاكتىكىسىنى قوللانماقتا ئىكەن.

## يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى

ئۆتكەن يىلى رامىزاندا ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ئۇيغۇرىيار فوندىغا بەرگەن پۇل ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 8-سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان تۆت نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەپتە ئاخىرىدىكى كۇرسلاردا ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن 3 نەپىرى 461، 422، 412 نومۇر ئالغان، بىرسى 356 نومۇر ئالغان.

نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر مۇشۇ نومۇرغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللايدىغان بولۇپ، تولۇق نومۇر 500 ئىكەن. ئىگىلىنىشچە تۈركىيەدە بۇ يىل 1 مىليون 300 مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا ئىمتىھانغا قاتناشقان. 193 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق نومۇر ئالغان. 400 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچى 10 پىرسەنت ئەتراپىدا ئىكەن. يۇقىرىقى ئۈچ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئەنە شۇ ئاز ساندىكى يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلار ھېسابلىنىدىكەن.

17 ـ 7

## ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى قۇياش ئېنېرگىيە تاختىسى ياسايدىغان ئۈچ چوڭ خىتاي شىركىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن «مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشى چەكلىنىدىغانلار تىزىملىكى» كىرگۈزۈلمىگەنلىكى توغرىسىدا بايدىن ھۆكۈمىتىگە سوئال قويىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 13 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، دېموكراتچىلار پارتىيەسىدىن بولغان يەتتە نەپەر پارلامېنت ئەزاسى 12 ـ ئىيۇل «جىنكى ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى»، «شىنتې ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى» ۋە «لوڭجى يېشىل ئېنېرگىيە پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى» قاتارلىق ئۈچ خىتاي شىركىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشى چەكلىنىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكى توغرىسىدا ئامېرىكا تاموژنا ئەمەلدارلىرىغا سوئال قويغان.

ئىگىلىنىشچە، بۇ ئۈچ شىركەت بىردەك ھالدا گېئوپولىتىك خەۋپ توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدىغان «ئۇپۇق مەسلىھەتچىلىك شىركىتى»نىڭ (Horizon Advisory) 2021 ـ يىلدىكى دوكلاتىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتتا ئۇلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەنىكەن.

## دالاي لاما بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان قانۇن لايىھەسى ئامېرىكا پارلامېنتىدا تونۇشتۇرۇلدى

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتا گېزىتى» تورىنىڭ 14 ـ ئىيۇلدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن جىم مەكگوۋېرن ۋە مايكىل ماككول 13 ـ ئىيۇل تىبەتلەر ھەققىدىكى يېڭى قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، مەزكۇر لايىھەگە كۆرە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا تىبەتلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەققى بار» دەپ ئېتىراپ قىلىدىكەن، شۇنداقلا مەزكۇر لايىھەدە «تىبەت ئەزەلدىن خىتاينىڭ ئايرىلماس بىرقىسمى ئىدى» دەيدىغان «تارىخىي خاتالىق» ئىنكار قىلىنىدىكەن.

مەزكۇر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ قانۇن لايىھەسىنى تونۇشتۇرغان پارلامېنت ئەزالىرى بۇ ئارقىلىق خىتاي دائىرىلىرىنى تىبەتلىكلەرنىڭ مەنىۋى داھىيسى دالاي لاما بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قىستاشنى مەقسەت قىلغانىكەن.

ئىگىلىنىشچە، دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت سىياسىي پائالىيەتچىلىرى ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدە تىبەت مەسىلىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشىپ كەلگەنىكەن. گەرچە دالاي لاما كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ تىبەت مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىپ يۇقىرى ئاپتونومىيەگە رازى بولىدىغانلىقىنى ھەمدە «ئوتتۇرا يول» تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى «يېتەرلىك ئەمەس» دەپ قارىغاچقا، سۆھبەتلەر ئىزچىل نەتىجىسىز بولۇپ كەلگەنىكەن.

## شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن يەتتە دۆلەت گۇرۇھى دىققىتىنى خىتايغا تېخىمۇ بەك مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلىدى

«theprint» تورىنىڭ 14 ـ ئىيۇلدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا مادرىدتا ئۆتكۈزۈلگەن باشلىقلار يىغىنى ۋە «يەتتە دۆلەت گۇرۇھى» باشلىقلار يىغىنىدا، ئەزا دۆلەتلەر خىتاينىڭ تىنچ ئوكياندىكى قارا نىيىتىگە ۋە «مەجبۇرلاش سىياسىتى»گە تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

29 ـ ئىيۇندىن 30 ـ ئىيۇنغىچە ئىسپانىيەنىڭ مادرىد شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدا ماقۇللانغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ «ئىستراتېگىيىلىك يېتەكچى پرىنسىپى»دا (Strategic Concept) خىتاي تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

لېكىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ باش سېكرېتارى جېنس ستولتېنبېرگ خىتاينىڭ مەزكۇر ئىتتىپاققا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «خىتاي دۈشمىنىمىز ئەمەس» دېگەن.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدىن باشقا ، «يەتتە دۆلەت گۇرۇھى»نىڭ باشلىقلىرى 26~28 ـ ئىيۇن گېرمانىيەدە يىغىلىپ، گېئوپولىتىك ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي باياناتىدا خىتاينى 14 قېتىم تىلغا ئېلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزلىرىدىكى قانۇنسىز پائالىيەتلىرىنى ئەيىبلىگەن.

مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ بۇ تۇتۇمى ئۇلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە خىتايغا تاقابىل تۇرۇشقا تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى ئاجرىتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر، دېيىشمەكتە.

## خىتاي دائىرىلىرى قاراماي شەھىرىدە ئادەمسىز چارلاش ماشىنىلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈردى

ھىندىستاندا چىقىدىغان «سىياسەت كۆندىلىك گېزىتى» تورىنىڭ 15 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاراماي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى 29 ـ ئىيۇندىن باشلاپ، جۇڭكېي تيەنجى شىركىتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقارغان يىگىرمە دانە ئادەمسىز چارلاش ماشىنىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرگەن.

خىتاي كومپارتىيەسى قاراماي شەھەرلىك شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى جاۋ ۋېنچۈەن بۇ ھەقتە قاراماي شەھىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى باشلامچى رەقەملىك شەھەر» بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر چارلىغۇچى ماشىنىلارنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللانغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

قاراماي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋ گوشىن بۇ ماشىنىلارنى ئىشقا سېلىنىشىدىكى مۇددىئا توغرىسىدا: «بۇ ماشىنىلار قاراماي شەھىرىدىكى ئاساسلىق سودا مەركەزلىرى، ساياھەت نۇقتىلىرى ۋە بەزى مەھەللىلەرنى سىناق تەرىقىسىدە 24 سائەت چارلايدۇ. ئۇلار شەھەردىكى كامېرالار تولۇق قاپلىيالمىغان جايلارنى كۆزىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، ساقچىلار، ئادەمسىز ئۇچقۇ ۋە ۋىدېيولۇق نازارەت سىستېمىسى بىلەن بىللە پۈتۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى تەقىپ قىلىش، پۈتۈن ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇش ۋە توغرا سىگنال بېرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ» دېگەن.

جوڭكېي تيەنجى شىركىتىنىڭ تېخنىكا دېرېكتورى جاڭ فېڭ بۇ ھەقتە «بۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق چارلاش ماشىنىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلىشىدۇر. قارامايدىكى سىناق تۈرىدىن كېيىن، بۇ ماشىنىلار پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.»

«مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جېففرى كېين بۇ ماشىنىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىنىڭ تەسىرى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭ ئەسلىدىنلا قاتتىق كونتروللۇق ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ۋەھىمىسىنى قىياس قىلىپ باقىدىغان بولساق، بۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق چارلىغۇچى ماشىنىلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە سېلىشى، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنى خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق تەقىپلىرىدىن ھەر قانداق قىلىپمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىدەك ھېس قىلىشى مۇمكىن.»

## ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر تايلاند تۈرمىسىدىن قاچتى

«devdiscourse» تورىنىڭ 16 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، تايلاند ساقچى دائىرىلىرى 14 ـ ئىيۇل ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى تايلاند تۈرمىلىرىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئۈچەيلەننىڭ پىراچۇاپ خىرىخان ئۆلكىسىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

**تايلاند كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى راتتاپوڭنىڭ بىلدۈرۈشىچە، قېچىپ كەتكەنلەردىن بىرەيلەننىڭ ئىسمى ئەلى، 25 ياش؛ باشقا ئىككىيلەننىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ بولۇپ، بىرى 29 ياش، يەنە بىرى 30 ياش ئىكەن.**

**مەزكۇر ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر تۇتقۇن 2013~2014-يىللىرى ئارىسىدا خىتايدىن قېچىپ چىقىپ، مالايسىيا ئارقىلىق تۈركىيە قاتارلىق بىخەتەر دۆلەتلەرگە كېتىش ئارزۇسى بىلەن تايلاند چېگراسىدىن ئۆتكەندە قولغا ئېلىنغانىكەن.**

**تايلاندتىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، نۆۋەتتە تايلاندتىكى ھەرقايسى تۈرمە ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا 52 دىن 56 نەپەرگىچە ئۇيغۇر تۇتۇپ تۇرۇلماقتا ئىكەن.**

## خىتاي تەيۋەن بوغۇزىنىڭ خەلقئارا دېڭىز رايونى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتى تۇنجى قېتىم تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتتى

**«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 20-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يەتتىنچى فلوتنىڭ بىر قىسمى بولغان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا سەپلەنگەن «بېنفورد» ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوت شۇ يەر ۋاقتى سەيشەنبە كۈنى (يەنى 2022-يىلى 7-ئاينىڭ 19-كۈنى) تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتكەن. ئىگىلىنىشىچە، بۇ خىتاي دائىرىلىرى 6-ئاينىڭ 13-كۈنى تۇيۇقسىزلا تەيۋەن بوغۇزىنىڭ خەلقئارالىق دېڭىز رايونى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتىنىڭ تۇنجى قېتىم تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۆتۈشى ئىكەن.**

**خىتاينىڭ شەرقىي ھەربىي رايونى شۇنىڭدىن كېيىنلا بايانات ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا قوشۇنى تەشكىللەپ، ئامېرىكا پاراخوتىنى باشتىن-ئاخىر نازارەت قىلغانلىقىنى ۋە ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە «ئامېرىكا تەرەپ بۇ ۋەقە توغرىسىدا قەستەن داۋراڭ سالدى» دەپ ئەيىبلىدى. باياناتتا يەنە مۇنداق دېيىلدى: «ئامېرىكا دائىم قۇتراتقۇلۇق ۋە داغۋازلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى تىنچلىقنى ۋە مۇقىملىقنى بۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، ھەربىي رايونىمىزدىكى قىسىملار ھەر ۋاقىت يۇقىرى ھوشيارلىقنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قەتئىي قوغدايدۇ.»**

**ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى بولسا بۇ ھەقتە: «ئامېرىكا تەيۋەن بوغۇزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خەلقئارا قانۇن يول قويغان جايلاردا داۋاملىق ئۇچىدۇ، پاراخوتلىرى بىلەن ماڭىدۇ ۋە پائالىيەت قىلىدۇ.»**

## خىتاي شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلىش خۇسۇسىدا ب د ت غا بېسىم ئىشلەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 19 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىدە، خىتاي دىپلوماتلىرىنىڭ ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋە بىرقىسىم دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدىكى دىپلوماتلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ مەزكۇر تەلىپىنى قوللايدىغان دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىمزا توپلىغانلىقىنى ئاشكارىلانغانىدى.

ھالبۇكى، «theprint» تورىنىڭ 21 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى ب د ت دوكلاتىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى قەتئىي رەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «خىتاي باشقىلارنىڭ ساختا ئۇچۇرلار ئارقىلىق خىتايغا تۆھمەت قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. خىتاينىڭ ھەققانىي مەيدانى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاز ساندىكى بىر قانچە دۆلەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن پايدىلىنىپ سىياسەتنى سۇيىئىستېمال قىلىش، خىتاينىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش ۋە خىتاينى باستۇرۇش نەيرەڭلىرى ئۇتتۇق قازىنالمايدۇ.»

## خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى ۋە دىپلوماتلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ساختا ئۇچۇر تارقاتماقتا

«theepochtimes» تورىنىڭ 22 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېڭى دوكلاتتا بايقىلىشىچە، خىتاي دىپلوماتلىرى ۋە دۆلەت تاراتقۇلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئالاقىدار خەلقئارادىكى ئەيىبلەش سادالىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىشقا ۋە ساختا ئۇچۇر تارقىتىشقا ئۇرۇنغان.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى» (ASPI) تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان يېڭى دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن تارتىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دىپلوماتلىرى ۋە دۆلەت تاراتقۇلىرى ئۆزى شەرقىي تۈركىستاندا، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قارىتا سادىر قىلىۋاتقان كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن «بارغانسېرى پىششىپ يېتىلگەن تور تاكتىكىسى» ئىشلىتىشكە باشلىغان.

«خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇچۇر مۇجادىلىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار تەسىرىنى باھالاش» ناملىق مەزكۇر دوكلاتتا، 2020 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن 2022 ـ يىلى 1 ـ يانۋارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى، «شىنجاڭ» كەلىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 613 مىڭدىن ئارتۇق فېيسبوك يازمىسى ۋە ئالتە مىليون 780 مىڭدىن ئارتۇق بىۋاستە ياكى ھەمبەھىرلەنگەن تۋىتېر يازمىسى تەھلىل قىلىنغان.

بۇنىڭ ئىچىدە، فېيسبوكتا ئەڭ كۆپ ئىنكاس قوزغىغان 400 پارچە يازمىنىڭ (ئىنكاس ۋە ھەمبەھىرلەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 60.3 پىرسەنتى خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ۋە دىپلوماتلىرى تەرىپىدىن

يوللانغان؛ ئەڭ كۆپ ئىنكاس قوزغىغان 1000 پارچە تۈنتېر يازمىسىنىڭ (ياقتۇرۇش ۋە ھەمبەھىرلەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 5.5 پىرسەنتى خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ۋە دىپلوماتلىرى تەرىپىدىن يوللانغان. بۇ ئۆچۈلارنىڭ تۆت پىرسەنتى تۈنتۈېر تەرىپىدىن ئۆچۈر سۈيئىستېمالى سەۋەبلىك توختىتىۋېتىلگەن ھېساباتلاردىن يوللانغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىشچە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئۇچۇر ۋە خاتا ئۇچۇر تارقىتىش مۇجادىلىسىنى گېئوپولىتىك رىقابەت ۋە خەلقئارا جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم دەپ قارايدىكەن.

## شەرقىي تۈركىستاندا تېخىمۇ كۆپ كەلكۈن كېلىپ، پاختا ئېتىزلىرىنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 23 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتايدىكى ھاۋا رايى تارماقلىرىنىڭ شەنبە كۈندىكى ئاگاھلاندۇرۇشىدا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا تېخىمۇ كۆپ كەلكۈن ۋە لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن كۆرۈلۈشى، شۇنداقلا پۈتكۈل رايوننى ئىسسىق ھاۋا قاپلىغانلىقى سەۋەبلىك، مۇزلۇقلار تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئېرىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

شەرقىي تۈركىستان ھاۋا رايى ئىستانسىسىنىڭ باش مۇتەخەسسىسى چېن چۈنيەننىڭ بىلدۈرۈشىچە، يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا كۆرۈلگەن ئىسسىقلىق دولقۇنىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئالاھىدە ئۇزۇن، دائىرىسى تولىمۇ كەڭ بولغان.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاۋا رايى ئىدارىسى شەنبە كۈنى بۇ رايونغا قارىتا قىزىل رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى قايتىدىن ئېلان قىلدى. ھالبۇكى، قىزىل رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچ دەرىجىلىك يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەزكۇر ئاگاھلاندۇرۇشتا كۆرسىتىلىشىچە، كەلگۈسى بىر سوتكا ئىچىدە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 40 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

## ئاۋستىرالىيەلىك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى دىرېۋ پاۋلو ساختا بومبا شىكايىتى سەۋەبلىك لوندوندا قولغا ئېلىندى

«ئوتتۇرا شەرق كۆزەتكۈچىسى» تورىنىڭ 23 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان زۇلمىغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن ئاۋستىرالىيەلىك كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى دىرېۋ پاۋلو لوندوندا قولغا ئېلىنغان.

ئىگىلىنىشچە، لوندون ساقچى دائىرىلىرى «ئېلخەت ئارقىلىق ئەلچىخانىغا بومبا تەھدىتى سالغان» دېگەن باھانە بىلەن، نامايىش باشلىنىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا دىرېۋ پاۋلونى قولغا ئالغان.

ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر ساختا ئېلخەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن دىرىۋ پاۋلو. سىلەر كەچ سائەت 12 گىچە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختىتىشىڭلار كېرەك، بولمىسا مەن ئەلچىخانىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيمەن. ھۆرمەت بىلەن، دىرىۋ».

بۇ يىل 23 ياشقا كىرگەن دىرىۋ پاۋلو ئۆزىنىڭ زىنھار بۇنداق ئېلخەت يوللىمىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مەزكۇر بەتنامىنىڭ «كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان»لىقىنى بىلدۈردى.

پاۋلو تۋىتېردىكى يازمىسىدا ئۆزىنىڭ لوندون شەھەر ساقچىلىرى تەرىپىدىن 23 سائەت يالغۇز قامالغانلىقىنى ۋە بۇ جەرياندا ئادۋوكات بىلەن كۆرۈشۈشكە يول قويۇلمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ يەنە يانفونىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ۋە مەخپىي نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ بۇنىڭدىن سىرت، ئۆزىنىڭ لوندوندىكى ئاۋستىرالىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ يول قويۇلمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»غا ئالاقىدار يېڭى دوكلات ئېلان قىلىندى

شېفىيلد ھاللام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورگان تور بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قارمىقىدىكى ھېلېنا كېنىدى خەلقئارالىق ئەدلىيە مەركىزى مۇشۇ ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»غا ئالاقىدار «ھېچنەرسە قالمىغۇچە: خىتاينىڭ كەلگۈندى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى» ناملىق توقسان بەتلىك بىر دوكلات ئېلان قىلغان.

مەزكۇر دوكلاتنى ھېلېنا كېنىدى خەلقئارالىق ئەدلىيە مەركىزىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە زامانىۋى قۇلچىلىق ساھەسى پروفېسسورى لاۋرا مورفى؛ بۇ مەركەزنىڭ تەتقىقاتچىسى، تەمىنات زەنجىرى تەھلىلچىسى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىگە ئائىت بىر قانچە پارچە دوكلاتنىڭ ئورتاق ئاپتورلىرىدىن بىرى بولغان نىيرولا ئېلىما ۋە شېفىيلد ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ لېكتورى دېيۋىد توبىن قاتارلىقلار بىرلىكتە تەييارلىغان.

مەزكۇر دوكلاتتا «ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»نىڭ تارىخى، رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بولغان چېتىشلىقى قاتارلىقلار بابلارغا بۆلۈپ تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

**شى جىنپىڭ يېقىنقى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە، خىتاينىڭ قەتلىئام سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى**

«worldpoliticsreview» تورىنىڭ 27 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ 12 ـ ئىيۇلدىن 15 ـ ئىيۇلغىچە داۋاملاشقان تۇيۇقسىز شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى جەريانىدا، يەرلىك دائىرىلەردىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 2017 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «يېڭى دەۋردىكى شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەسى»نى داۋاملىق تۈردە، تولۇق ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن شەپە بەرگەن.

ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ ئىستراتېگىيەسى يېقىنقى بەش يىلدا مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ تۈرمە ۋە لاگېرلارغا قاملىشى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى، ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى، ئاياللارنىڭ تۇغماس قىلىنىشى، ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ يوقىتىلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن نەتىجىلەنگەن ۋە شى جىنپىڭ ئۇشبۇ جىنايەتنىڭ باش جاۋابكارى دەپ قارالغانىدى.

تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز شى جىنپىڭنىڭ مەزكۇر كۆرسەتمىسى توغرىسىدا شۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇ باياناتى مەنىستىمەسلىك ۋە پەخىرلىنىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇ بۇ ئارقىلىق ھېچكىمنىڭ خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتىگە ئارىلىشالمايدىغانلىقى ۋە خىتاينىڭ ئۆز قارارىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.»

## بايدېن بىلەن شى جىنپىڭ ۋىدېيولۇق كۆرۈشتى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 28 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا پرېزدېنتى جوۋ بايدېن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋىدېيولۇق كۆرۈشكەن.

تەيۋەن مەسىلىسى بۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىكى يادرولۇق تېمىلاردىن بىرى بولۇپ، يېقىندا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى نەنسىي پېلوسىنىڭ ئاسىيا سەپىرىنىڭ تەيۋەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يىرىكلەشكەنىدى.

بۇ ھەقتە، خىتاينىڭ دۆلەتلىك تاراتقۇسى بولمىش شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شى جىنپىڭ بايدېننى تەيۋەن مەسىلىسىدە «ئوت بىلەن ئوينىماسلىق» ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. بىلدۈرۈلۈشچە، شى جىنپىڭ بايدېنغا ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە تاقىشىدىغان مەسىلىلەرگە ئارىلاشماسلىقنى ئەسكەرتىپ: «ئوت ئويىنىساڭلار ئۆزۈڭلارنى كۆيدۈرۈۋالىسىلەر. مەن ئامېرىكانىڭ بۇ خۇسۇستا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

## خىتاينىڭ ئوبرازى يەرشارى مىقياسىدا خۇنۈكلەشمەكتە

«theprint» تورىنىڭ 30 ـ ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا خىتاينىڭ دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئوبرازى ياخشى ياكى ھېچ بولمىغاندا ئوتتۇرا ھال بولغان بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى

تۆت يىلدا ئامېرىكا، ياپونىيە، ئافرىقا، ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا زور دەرىجىدە ناچارلاشقان.

بىر قانچە دوكلاتتا بىلدۈرۈلۈشىچە، 1990 ـ يىللاردىن 2010 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە، خىتاي بىر بۆلۈك رايون ۋە دۆلەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتقان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر خىتاينىڭ دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئوبرازى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ناچار ھالەتتە ئىكەن.

پېۋ تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 17 دۆلەتتىكى ئاممىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشىگە كۆرە، «خىتايغا بولغان سەلبىي كۆز قاراشلار تارىختىكى يۇقىرى نۇقتىغا چىققان ياكى شۇنىڭغا يېقىنلاشقان». راي سىناشقا قاتناشقان سانائەتلەشكەن ئىقتىسادىي گەۋدىلەردىكى پۇقرالارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتايغا نىسبەتەن سەلبىي قاراشنى ئىزھار قىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئوبرازىنىڭ ناچارلىشىشىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار بولۇپ، ئۇلار دىپلوماتىيەدىكى ئاجىزلىق ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىقتىسادىي مەجبۇرلاشتىن كۆپرەك پايدىلىنىش، مەغلۇبىيەتلىك يۇمشاق كۈچ ئۇرۇنۇشى ۋە رۇسىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

## ئۇيغۇر مائارىپ فوندى قۇرۇلدى

دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۇيغۇر پروجەكتى فوندى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن كۆپلەپ ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ھەمدەمدە بولۇش مەقسىتىدە «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى قۇرۇپ چىققان. دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ فىيسبۇك سەھىپىسىدە بەرگەن باياناتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر پروجەكتى فوندىنىڭ تارماق ئورگىنى ھېسابلانغان ئۇيغۇر مائارىپ فوندى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايىدا ياشاۋاتقان، مائارىپ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق ئۇيغۇرلارنى ماددىي ياردەم بىلەن قوللايدىكەن.

## خىتاي يېڭى نەيرەڭ ئوتتۇرىغا چىقاردى

ئىگىلىنىشىچە، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، خىتاينىڭ مىليونلىغان بىگۇناھ خەلقىمىزگە زۇلۇم سېلىش بازىسى ھېسابلانغان ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيىلەش مەركەزلىرى» نۆۋەتتە «يېڭى دەۋردىكى مەدەنىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەركىزى» دېگەن نام ئاستىدا ئۇيغۇرلارنى يولسىز رەۋىشتە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىكەن. خىتاينىڭ بۇ يېڭى نەيرەڭى چەتئەللەردىكى سەگەك كۆزەتچىلەرنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

**«ئۇيغۇر ئۇچۇن دەس تۇر» ھەرىكىتى دۇنيا مىقياسىدا ھەرىكەتكە ئۆتتى**

**ئەنگىلىيەلىك مۇسۇلمان ياشلىرى تەرىپىدىن باشلىنىپ، باشقا غەرب دۆلەتلىرىگىچە كېڭەيگەن «ئۇيغۇر ئۇچۇن دەس تۇر» ھەرىكىتى 2022-يىلى، 31-ئىيۇل دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئىگىلىنىشىچە، يۈزلىگەن مۇسۇلمان ياشلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ ھەرىكەت ھەر قايسى غەرب دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپتە ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. شۇنداقلا، تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە يەر ئېلىپ، خىتايغا ئاشكارا قارشىلىق بىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولىدىكەن.**

**ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى**




ۋېكى شۈ
ئاۋىستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر
ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى دوكلاتلارنىڭ ئاپتورى ۋېكى شۈ خانىقىز

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



**ئەقىل ئىنساننىڭ توغرا ئىش قىلىش ئىقتىدارىدۇر.**